شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە

# مەشھۇر ئۆلىمالارنى ئەيىبلىمەسلىك توغرىسىدا

## رفع الملام عن الأئمة الأعلام

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. قارلۇقى
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: مۆمىنجان سىدىق

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

## مۇندەرىجە

مۇسۇلمانلارنى دوست تۇتۇشنىڭ ۋاجىبلىقى ........................ 20
ئۆلىمالار ھېچقاچان سۈننەتكە قارشى يول تۇتمايدۇ .................. 21
ئۆلىمالارنىڭ بەزى نەسلەرگە قارشى يول تۇتۇشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار
21 ..............................................................
تەھدىت (جازا) كۆچكە ئىگە بولىدىغان نۇقتىلار ..................... 65
بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرنىڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلىشى .................... 69
خەبەرى ۋاھىد ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمى ............................... 70

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييەنىڭ «مەشھۇر ئۆلىمالارنى ئەيىبلىمەسلىك توغرىسىدا» ناملىق قولنگىزدىكى بۇ كىتابىنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ، شەرئىي سىياسەت، زاھىدلىق قاتارلىق تېمىلاردىكى كىتابلىرىدىن باشقا خېلى كۆپ ساندىكى پەتىۋالىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان بىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيدىغانلىقىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم ۋە بۇ ھەقتە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ بىر ماتېرىيال ھازىرلاپ سۇنۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش جەريانىمدا م.سەئىد شىمشەك تەرىپىدىن يېزىلغان بىر پارچە تۈركچە ماقالىگە كۆزۈم چۈشتى - دە، ئۇنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم ۋە قىسمەن قىسقارتىش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىش قارارىغا كەلدىم:

## ئىبنى تەيمىييە

## (661 - 728ھ/ 1263 - 1328م)

«رەببانىي بىر ئىمام، ئۈممەتنىڭ مۇفتىسى، ئىلىم دېڭىزى، قارىلارنىڭ خوجىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز بىر ئالىمى ئىدى. شەيخۇل ئىسلام قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمانى، زاھىدلارنىڭ يېتەكچىسى، ئابىدلار قاتارىدا مىسلىسىز، بىدئەتچىلەرنىڭ دۈشمىنى ۋە مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ بايراقدارى بولغان ئىبنى تەيمىييەنىڭ نەسەبى تەقىيۇددىن ئەبۇل ئاببا‌س ئەھمەد ئىبنى شىھابۇددىن ئابدۇلھەلىم ئىبنى

شـەيخۇل ئىسـلام مـەجدۇددىن ئابدۇسسـالام ئىبـنى ئـەبۇ مۇھەممـەد ئـابدۇللاھ ئىبـنى ئـەبۇ قاسـىم ئـەلخۇدر ئىبـنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلخۇدر ئىبنى ئەلي ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى تەيمىييە ئەلھەرراني ئىدى.»

- ئوقۇغۇچىسى ئىبنى ئابدۇلھادي

تـەقىييۇددىن ئـەبۇل ئاببـاس ئىبـنى ئابدۇلھـەلىم ئىبـنى تەيمىييە ھىجرىيەنىڭ **661** ـ يىلى، رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ **10** ـ كۈنى ( مىلادى **1263** ـ يىلى، ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ **22** ـ كۈنـى ) دۈشـەنبە، ھـەرراندا، ئىلىمپـەرۋەرلىكى، دىـندارلىقى بىلـەن مەشـھۇر، ھەنبـەلىي مەزھىبىگـە مەنسۇپ بىـر ئائىلىدە دۇنياغـا كەلگـەن. بـۇ ئائىلـە زىېـرەكلىك، ئەسـتە تۇتـۇش ۋە ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى خۇسۇسىدا تەڭداشسىز بىر ئائىلە بولـۇش سۈپـىتى بىلـەن شـۆھرەت قازانغـان بولـۇپ، ئىبـنى تەيمىييـە يۇقىرىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەردە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتـارىدىن ئـورۇن ئالغـان ئىـدى. ئـۆز دەۋرىنىـڭ ئۆلىمـا، ئۇسـتازلىرى ئۇنىـڭ بـۇ دەرىجىدىكـى ھـەيران قـالارلىق ئەسـتە تۇتـۇش كۈچـى ۋە قابىلىيىتىگـە ھـەيران قالغـان. ئـۇ بـۇ خىـل خۇسۇسـىيىتى بىلـەن دەمەشـق ۋە خوشـنا شـەھەرلەردە شۆھرەتكە ئىگە بولغان. ھەلەب شەھىرىدىن بىـر ئۆلىما كىشى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن شـامغا كـېلىدۇ ۋە تـېخى بـالىلىق يېشىـدىكى ئىبـنى تەيمىييەگە ئون ئۈچ دانە ھەدىسنى ئىملا قىلىپ يازدۇرىدۇ. ئىبنى تەيمىييە ھەدىسلەرنى تاختا ئۈستىگە يازىدۇ، ھەلەبلىك ئـالىم ئۇنىـڭ يازغـان ھەدىسـلىرىنى تـەكرار ئوقۇۋېلىشـىغا پۇرسـەت بەرمەسـتىن ئۆزىگـە ئـۇ ھەدىسـلەرنى يـاد ئوقـۇپ

بېرىشىنى سۆرايدۇ. ئىبنى تەيمىييە ھەدىسلەرنى يازغان تاختىنى بۇ كىشىگە بېرىدۇ ۋە تىڭشا، دېگەن ھالدا ھەدىسلەرنى ئاڭلىغىنىدىنمۇ چىرايلىق ھالدا يادقا ئوقۇپ بېرىدۇ. ھەلەبلىك ئالىم ئوخشاش ئەھۋالدا ئۆزى تاللىغان بەزى ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنى يازدۇرۇپ تۇرۇپ سىناپ باقىدۇ. ئىبنى تەيمىييە ئوخشاش گۈزەللىكتە ياد ئوقۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەلەبلىك ئالىم «ئەگەر بۇ بالا ياشاپ قالسا ئۇ ناھايىتى زور شۆھرەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشىغان زېرەك بىر ئىنسان كۆرۈلۈپ باقمىغان» دەيدۇ.

ئىبنى تەيمىييەنىڭ چوڭ دادىسى مەجدۇددىن بىلەن ئەسىرداش ياشىغان بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇتلەق (شەرتسىز) مۇجتەھىد ئىپادىسىنى قوللانغان. ئاتىسىمۇ چوڭ ئالىم ئىدى. دەمەشىقتىكى سىقەرىيىيە مەدرىسىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقى ئىبنى تەيمىييەگە ئاتىسىدىن قالغان ئىدى. ئاتىسى ھىجرىيەنىڭ **682** ـ يىلى (**1283**م) ۋاپات بولغان. مۇڭغۇللارنىڭ ھەررانىنى ئىستىلا قىلىشىدىن كېيىن ئىبنى تەيمىييە يەتتە ياش چېغىدا ئائىلىسى بىلەن دەمەشىققە (شامغا) ھىجرەت قىلغان[1].

ئىبنى تەيمىييە دەمەشىق شەھرىدە نۇرغۇن چوڭ ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى ئابدۇلھادىي ئۇنىڭ دەرس ئالغان كىشىلىرىنىڭ سانىنىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان[2].

---

[1] ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋىي: «ئەلھافىز ئەھمەد ئىبنى تەيمىييە» كۇۋەيت ـ 1978م، 34 ـ بەت.
[2] م.خەلىل ھەرراس: «ئىبنى تەيمىييە ئەسسەلەفىي» 26 ـ بەت.

ئىبنى تەيمىييە دەسلەپتە قۇرئان كەرىمنى يادلىغان ۋە شۇ دەۋردە مەۋجۇت بولغان بارلىق ئىلىملەرنى ئوقۇغان، ئەرەب تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، لۇغەت ۋە گىرامماتىكا ئىلمىدە يېتەكچى ئورۇنغا ئىگە بىر ئالىم بولغان. ھەتتا سىبەۋەيھىنىڭ ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە كىتابىنى تەتقىق قىلغان، تەنقىد قىلغان ۋە بەزى مەسىلىلەردە ئۇنىڭ قاراشلىرىغا قارشى چىققان. سىبەۋەيھ ئاجىزلىق قىلغان نۇقتىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خاتالىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ ئىزدىنىشلىرى ئۇنىڭغا ھاياتى بويىچە يازغان پۈتۈن ئەسەرلىرىدە قوللىنىدىغان ئەرەب تىلى ئىقتىدارىنى بەخش ئەتكەن. ئىبنى تەيمىييە ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر مەنسۇر ۋە مەنزۇم مەتىنلىرىدىن چوڭ بىر كىتاب بولغۇدەك قىسمىنى يادلىغان. زەھەبىي (ۋاپاتى **748ھ/1347 ـ 1348م**) ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى «ئەرەب تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئىدى» ئىپادىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىبنى تەيمىييە قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىگىمۇ جىددى شەكىلدە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۇ ھەقتە كۈچ چىقارغان. ھالبۇكى، بۇنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بايقاش مۇمكىن. ھافىز ئەززەھەبىي «ئىبنى تەيمىييە ئۇزۇن يىللار جۈمە كۈنلىرى قۇرئان كەرىمنى يادقا تەپسىر قىلدى، ئۇ تولىمۇ زېرەك ئىدى. تەپسىر ئىلمىدىكى مەلۇماتى ئاخىرىقى نۇقتىغا يەتكەن ئىدى» دەيدۇ. ھافىز ئەلبەرزالىي (**738ھ/ 1337 ـ 1338م**) ئۇنىڭ تەپسىردە تۇتقان ئورنىنى «تەپسىر ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىغاندا،

كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتىنىڭ كۆپلىكى، ئۇسلۇبىنىڭ گۈزەللىكى، مۇناسىۋەتلىك تېمىغا ئالاقىدار قاراشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ يۇكسەكلىكى، زەئىپ (ئاجىز) ۋە باتىل (خاتا) قاراشلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى قابىلىيىتى ۋە ھەر خىل ئىلىملەر خۇسۇسىدىكى ماھارىتى ئالدىدا ھەيرانلىققا بوغۇلاتتى. سۆزلىرىگە قولاق سالغان كىشىلەر ئۇنى ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئىچىدە ئاڭلايتتى»، ئىبارىلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئىبنى تەيمىييە قۇرئان كەرىمگە دائىر بىلىدىغانلىرى بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىپ، قۇرئان كەرىمنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چۈشىنىشنى ئۆزىگە نىشان قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر ئايەتنى يۈزگە يېقىن تەپسىرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق مۇتالىئە قىلاتتىم، كېيىن ئاللاھتىن چۈشەنچ ئاتا قىلىشنى تىلەپ: ''ئادەمگە، ئىبراھىمغا ئىلىم بەرگەن ئى ئاللاھ! ماڭىمۇ ئىلىم بەرگىن''، دەپ دۇئا قىلىمەن. بەزىدە تەنھا ھالدا مەسجىدكە بېرىپ، تۇپراققا يۈزۈمنى سۈرتۈپ، ئاللاھ تائالاغا: ''ئىبراھىمغا ئىلىم بەرگەن ئى زات! ماڭىمۇ ئىنچىكە چۈشەنچە ۋە ئىلىم ئاتا قىلغىن'' دەپ دۇئا قىلاتتىم.»

ئىبنى ئايبەك ئەسسەفەدىي (764ھ/1262 ـ 1263م) ئىبنى تەيمىييەدىن تەپسىر ئاڭلىغانلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا ئىبنى تەيمىييەنىڭ «مەن بىر يۈز يىگىرمىچە تەپسىرگە قاراپ چىقىپ، ئاندىن ئۆلىمالارنىڭ ئىچىدىن ساغلام، دەپ قارالغان قاراشنى تاللايتتىم» دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ. ئىبنى تەيمىييەنىڭ تەپسىردىكى

مېتودى سەلەپ ئالىملارنىڭ قاراشلىرى دائىرىسىدە قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ سىرتىغا چىقماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئۆزىنىڭ قاراش ۋە دەلىللىرىنى ئىلاۋە قىلماي تۇرۇپ، سەلەپ ئۆلىمالارنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ئايەتلىرى خۇسۇسىدىكى ئايرىم - ئايرىم تەپسىرلىرىنى تەكرارلاشقا ھاجەت يوق ئىدى. چۈنكى، بەزى ئايەتلەر ھەر قانداق ئىنسان چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىدە ئېنىق ۋە روشەن بولسا، بەزى ئايەتلەرگە كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئىزاھاتلارنى بەرگەن. ئەمما يەنە شۇنداق ئايەتلەرمۇ باركى، ئۆلىمالارمۇ ئۇ تۇر ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە توختاپ قالغان ياكى ئىختىلاپ قىلىشقان. كۆپىنچە ھاللاردا ئىنسان بۇ تۈردىكى ئايەتلەر ئۈچۈن كۆپلىگەن تەپسىرلەرگە مۇراجىئەت قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ مەزمۇنىغا يېتەلمەيدۇ.

ئىبنى تەيمىييەگە كۆرە قۇرئان كەرىمدە شۇنداق ئايەتلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ بىرسى تەپسىر قىلىنغىنىدا ئۇ خىلدىكى بىر قاتار ئايەتلەرنى ئۇنىڭغا قىياسلىغان ھالدا تەپسىر قىلىش مۇمكىن. مانا بۇ خىل ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىگە دەلىللەرنى زىكىر قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئەھمىيەت بېرىش مۇھىمدۇر. چۈنكى، بۇلارنىڭ بىر دانىسى تولۇق مەنىدە چۈشىنىلسە، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئايەتلەرمۇ شۇ تەرزدە تەپسىر قىلىنىشى مۇمكىن.

ئىبنى تەيمىييە ھەدىس ئىلمى بىلەنمۇ شوغۇللانغان ۋە بۇ ئىلىمگە ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئوقۇغۇچىسى ئىبنى ئابدۇلھادىينىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد»ىنى ۋە ئالتە ھەدىس كىتاۋىنى

ئۇستازلاردىن ئۆگەنگەن. ھافىز ئەززەھەبىي ئۇنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى چوڭقۇر مەلۇماتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسكەندەرىيەدە قاماقتىكى مەزگىلىدە سەبتى ۋالىسى ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى (ئېسىدىكى) ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلىرىنى تىلغا ئالغان ھالدا يېزىپ ئەۋەتىشىنى ۋە بۇلارنىڭ رىۋايىتى ئۈچۈن ئۆزىگە ئىجازەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئىبنى تەيمىييە يادلىغان ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە يېزىپ ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن. ئۇ ئەۋەتكەن رىۋايەتلەرنى ۋە رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ئەڭ چوڭ ھەدىسشۇناسلارمۇ ئۇنىڭدەك ماھىرلىق بىلەن يازالمايتتى. ئۇنىڭ تەبەقات (ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار قاتلىمى) ۋە ھەدىس ئۇسۇلى (مېتودى) ئىلىملىرىدە يېتىشكەن مۇتەخەسسىس ئىدى. ئۇ سەھىھ ۋە سەھىھ بولمىغان ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەتچىلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ زامانىدا بۇ تېمىلاردا ئۇنىڭچىلىك ھەتتا ئۇنىڭ ئىلمىغا يېقىنلاشقان بىرەر ئالىم يوق ئىدى. يادلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىكى ماھارىتى ۋە ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈشتىكى كۈچى ئادەمنى ھەققەتەن ھەيران قالدۇراتتى. ئالتە ھەدىس كىتاۋى ۋە ''مۇسنەد'' نى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ''ئىبنى تەيمىييە بىلمىگەن ھەدىس، ھەدىس ئەمەس'' دېگەن سۆزلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئەمما شۇنى ئونۇتماسلىق لازىمكى، ئىلىمنى تامامەن بىلىش ئاللاھقا خاس ئىشتۇر. ئۇنىڭ باشقا ئالىملاردىن بۇ يەردىكى پەرقى ئۇنىڭ ئىلىمنى دېڭىزدىن ئۈچلاپ ئېلىشى، باشقىلارنىڭ بولسا ئۆستەڭلەردىن ئېلىشىدىكى پەرقتىن ئىبارەت.»

ئىبنى تەيمىييە شەرئىي ئىلىملەردە يۇقىرىقىغا ئوخشاش سەۋىيەلەرگە ئىگە بولغىنىدەك، پەلسەپە، مەنتىق (لوگىكا)، ۋە كالام ئىلىملىرىنىمۇ ئىگەللىگەن. بۇ ئىقىملارنىڭ قاراشلىرىنى بىر ئوبىزورچىنىڭ ئۇسلۇبىدا تەنقىد قىلغان. بۇ ئىلىملەرنى تەنقىدلەش يولىدا بىر قاتار قائىدە ـ پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ساھەلەردە ئىبنى تەيمىييەنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرى بار. «مەنتىقچىلارغا (لوگىكچىلارغا) رەددىيە»، «مەنتىقنىڭ ئاجىزلىقى»، «جەھمىيەنىڭ ئاساسىنى يىمىرىپ تاشلاش» ۋە «ئەقىل بىلەن شەرئىي دەلىللەرنىڭ زىت ئىكەنلىك قارىشىنى يوققا چىقىرىش توغرىسىدا» قاتارلىقلار ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئىبنى تەيمىييە پەلسەپە ۋە كالام ئىلىملىرى بويىچە ئەسەرلەرنى يازغىنىغا قارىماي بۇ ئىلىملەر بىلەن ئىپتىشىپ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان باشقا ئالىملارغا ئوخشاش پەلسەپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. ئۇنىڭ بۇ ئىلىملەرنى ئۆگۈنىشتىكى مەقسىتى ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرىنى، ئىسلام دەۋىتىنى چۈشەندۈرۈش، دىنىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە چەكلىمە، توسۇقلىرىغا بويسۇنۇشنى ئىنسانلارغا تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىدئەتچىلەرگە ۋە دىنسىزلارغا رەددىيە بېرىشكە قارىتىلغان. دەھرىيلەر، قەدەرىيلەر، جەھمىيەلەر، مۇئتەزىلىلەر، ۋەھدەتۇل ۋۇجۇدچىلار ۋە پەلسەپىچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەددىيە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى يازغان. ئىبنى تەيمىييە بۇلارنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ئەھلى بىدئەت ۋە دالالەت

ھەقىقەتتە كۆپلەپ ئەسەر يېزىشىمىزنىڭ سەۋەبى بۆلارنىڭ دالالەت تىزمىسىنى بويلاپ دىن سىرتىغا چىققانلىقلىرىنى، پاك ـ پاكىز ئىسلام دىنىنى ھەرقانداق شەكىلدىكى بىر دىن ۋە قاراش بىلەن يوقىقا چىقىرىشىنى قەستلىگەنلىكلىرىنى ۋە كىشىلەرنى دىنىنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىدە شۈبھىلەندۈرۈشكە ئورۇنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىمدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب ۋە سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈپ بۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دىنىسىزلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدىم. دىنىسىزلاشمىغان تەقدىردىمۇ دىنىي خۇسۇسلاردا ئىشەنچ ۋە ئېتىقادلىرىنى يوقىتىپ قويغانلىقلىرىنى تونۇپ يەتتىم. مانا بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى غەيرىتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى دىنىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ۋە بىدئەتچىلەرنىڭ قاراشلىرىنى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئەقلى ۋە قايىل قىلارلىق جاۋابلار بىلەن جاۋابلاندۇرۇشقا سەرپ قىلدىم...»

ئىبنى تەيمىيەنىڭ فىقھىي ئىلمىدىكى ئورنى: ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئائىلىسى ئەھلى سۈننەتنىڭ ھەنبەلىي مەزھىبىگە مەنسۇپ ئىدى. بۇ مەنسۇپلۇق ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئاساسلارغا مۇۋاپىق شەكىلدىكى مەنسۇپلۇقتۇر. بۆلارنىڭ ئەڭ مۇھىمىنى «كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھېچكىمنىڭ قارىشىنى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزمەسلىك» شەكلىدىكى قائىدىسى ئارقىلىق خۇلاسىلەش مۇمكىن. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بۇنى: «ھەدىس سەھىھ بولسا ئۇ مېنىڭ مەزھىبىمدۇر» دېگەن سۆزى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. بۇ ئالىمنىڭ يۇقىرىقى مېتود

بويىچە ماگىدىغانلىقىنى چوڭ دادىسى مەجدۇددىنىنىڭ **5029** ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەرلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق كىتاۋىدىنمۇ چۈشىنىش مۇمكىن. ئىبنى تەيمىييە ئەجدادى تەرىپىدىن تۈتۈپ مېڭىلغان مېتود ۋە قاراشلارنىڭ دائىرىسى ئىچىدە چوڭ بولدى، يېتىشتى ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بەخشەند قىلىنغان تەبىئىي قابىلىيەتلىرى بىلەن مۇتلەق مۇجتەھىد سەۋىيىسىگە يەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ مۇجتەھىدلىكى ھەققىدە شۇ دەۋردىكى ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى بىرلىككە كەلگەن. ھافىز بەرزالىي: «ئۇ ئۇستىگە چاڭ - تۇزان قوندۇرۇلماسلىق زۆرۈر بولغان ئىجتىھاد سەۋىيەسىگە يەتكەن ۋە مۇجتەھىدلىكنىڭ شەرتلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بىر ئىمام ئىدى» دەيدۇ. ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقەلانىي: «ئۇ بىر ئىنساندۇر، ئۇنىڭدىن خاتالىقمۇ، توغرىلىقمۇ سادىر بولىدۇ. ئۇنىڭ توغرا قىلغان ئىشلىرى كۆپتۇر. ئۇلاردىن پايدىلىنىش لازىمدۇر. توغرا قىلغانلىرىنىڭ يۈزى، ھۆرمىتىدىن ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. خاتا قىلغان يەرلىرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىلمەيدۇ، ئۇ بۇ ھەقتە ئۆزرىلىكتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالار ئۇنىڭدا ئىجتىھادنىڭ شەرتلىرىنىڭ ھازىرلانغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقان» دەيدۇ. ھافىز ئەززەھەبىي: «ئۇ ھازىر مۇئەييەن بىر ياشقا كېلىپ قالدى. مۇئەييەن بىر مەزھەبنىڭ قاراشلىرىغا كۆرە ئەمەس، دەلىللەر نېمىگە ئىشارەت قىلسا شۇ بويىچە پەتىۋا بېرىدۇ. ئۇنىڭ سۈننەتكە ۋە سەلەپىيلەرچە مېتودقا ناھايىتى كۆپ پايدىسى بولدى. ئۇ بۇ مېتودنى بۆيلاپ، دەلىللەر ۋە

مۇقەددىمىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇرۇن ھېچكىم ئېلىپ بارمىغان شەكىلدە ھۆكۈملەرنى بەردى» دەيدۇ.

فىقھىي ئىلمىدە بىر قاتار قائىدە ۋە مېتودلارنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مەقدىسىينىڭ «ھۆكۈملەر تۆۋرۈكى» ناملىق ئەسىرىنى ئىزاھلاپ چىقتى. بۇ ئىزاھات ھەققىدە مەھمۇت شۈكرى ئەلۇسىي: «بۇ ئىزاھتا ھېچقانداق كۆز كۆرۈپ باقمىغان، ھېچقانداق قولاق ئاڭلاپ باقمىغان گۈزەللىكلەرگە ئىگە مەلۇماتلار بار» دەيدۇ. بۇلار بىلەن بىرگە ئىبنى تەيمىييە ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن تۆت مەزھەب ئىماملىرىنى قاتتىق ھۆرمەت قىلغان. ئىلىم، پەزىلەت، زاھىدلىق ۋە ئىبادەتتە بۇ ئىماملارنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغان ھالدا «مەشھۇر ئۆلىمالارنى ئەيىبلىمەسلىك توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەرنى تۆت مەزھەب ئىمامىنى، ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنىڭ سەۋەب ۋە ئۆزرىلىرىنى (شەرئىي باھانىلىرىنى) چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن يازغان. ھافىز ئەززەھەبىي ئۇنىڭ مەزھەبلەر توغرىسىدىكى يۈنۈلىشىنى مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

«ئىبنى تەيمىييە ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ مەزھەب ۋە قاراشلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۇ ھەقتىكى تۆت مەزھەبنىڭ قاراشلىرىنمۇ تىلغا ئالاتتى. ئەمما مۇئەييەن بەزى مەسىلىلەردە ئۇلارغا قارشى يول تۇتقان ۋە كىتاب، سۈننەتتىن ئۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرگەن.»

ئۇ تارىخ ئىلمىگە باشقا ئىلىملەرگە ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەشھۇر ئىسلام تارىخچىسى ئەززەھەبىي: «ئۇنىڭ تارىخ ۋە سىيرەت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالى) ئىلىملىرىدىكى مەلۇماتى ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ» دەيدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، ئىبنى تەيمىييە ئۆز دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان بارلىق ئىلىملەرنى ئىگەللەشكە تىرىشقان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىلىملەرنىڭ سىرتىدا ئۇسۇلۇل فىقھىي (فىقھىي مېتودلىرى)، تەسەۋۋۇپ، سۇلۇك، خەتتاتلىق، ماتېماتىكا ۋە باشقا ئىلىملەرگىمۇ قىزغىن شەكىلدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ كۆڭۈل بۆلگەن بارلىق ئىلىملەردە تەڭداشسىز دەرىجىگە يېتىشكەن. ئىبنى سەييىدىنناس (734) ئۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئىلىملەردە ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى. ھېچقانداق كۆز ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرىنى، ئۇمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنى كۆرمىگەن ئىدى...»

ئىبنى تەيمىييە يەنە كىشىلەرنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان، تەقۋا، قانائەتچان ۋە زاھىد بىر كىشى ئىدى. ئوقۇغۇچىسى ھافىز بەززار ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى تەيمىييەنىڭ گۈزەل ئايالغا، يېقىملىق بىرەر خىزمەتچىگە، ياخشى ئۆي، بوستان ۋە باغچىلارغا قىزىققانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇ پۇل - پىچەك ئۈچۈن كۈچ چىقارمىغان، ئات - ئۇلاغ، نازۇ - نېمەت ۋە چىرايلىق كىيىملەرگە ئىنتىلمىگەن، ھوقۇق - مەنسەپ ئۈچۈن چاپمىغان، ھەتتا مۇباھلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر قاتار پايدىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ چەكتىن ئاشۇرۇپ كۈچ چىقىرىپ

كەتمىگەن.» بەززار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇنى دۇنيانىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرى ۋە نېمەتلىرى ھەققىدە ئېغىز ئاچقان، دۇنيالىق سۆزلەر بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە مەئىشىتى ئۈچۈن كىشىلەردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغانلىق ئەھۋالدا كۆرۈپ باقمىدۇق. ئۇ پۈتۈن قىزغىنلىقىنى ئاخىرەت ئۈچۈن ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرغۇچى نەرسىلەر ئۈچۈن بېغىشلىدى.» تاتار قوماندانى گازان خان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەن ۋە تۇپراقلىرىنى ئىستىلا قىلغان چاغدا ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنى ۋە سۇلتاننى گازان خانغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ گازان خان بىلەن ئۇچراشقان. ئۇنى ئىسپىلگەن ۋە قارشى چىققان.

ئىبنى تەيمىييە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ رېئال مەسىلىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، جەمئىيەتنىڭ كېسەللىكلىرىنى چۈشەنگەن ۋە ئىلمىنى، بەدىنىنى ئىنسانلار ئېچىدىن چىققان خەيرلىك ئۈممەت شەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بېغىشلىغان. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، شەھەرلەردىكى ۋالىيلار ۋە سۇلتانلارغا نەسىھەت قىلغان، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئىسپىلگەن. بۇ تۈردىكى پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك ئۇ قانچە قېتىملاپ تۈرمىلەرگە تاشلانغان. ئۇ مەھبۇسلۇق جەريانىدىكى ئەھۋالىدىن رازى بولغان ۋە خەيرلىكنى يالغۇز ئاللاھتىنلا تىلىگەن. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سەبىر ئارقىلىق تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېگەن: «دۈشمەنلىرىم ماڭا نېمە قىلالايدۇ؟ مېنىڭ جەننىتىم قەلبىمدە، باغچام كۆكسۈمدىدۇر. مېنى قايەرگىلا ئېلىپ بارمىسۇن ئۇلار

مېنىڭ بىلەن بىرگىدۇر. مەھبۇسلۇقۇم ھالاۋەت، ئۆلتۈرۈلۈشۈم شاھادەت، يۇرتۇمدىن سۈرگۈن قىلىنىشىم ساياھەتتۇر.» ئۇ مەھبۇسلۇق مەزگىلىدە دۈشمەنلىرىگە: «مۇنۇ قەلئەنى ئالتۇن بىلەن توشقۇزغان تەقدىردىمۇ، قاماقتا ئېلىش ئارقىلىق سىز سەۋەب بولغان ياخشىلىقنى ماڭا بېرەلمىگەن بولار ئىدىڭىز» دېگەن.

تۈرمىگە تاشلىنىشىنىڭ سەۋەبى بەزى ئۆكتىچىلىرىنىڭ ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى يالغان ـ ياۋىداقلارنى ئويدۇرۇش ئارقىلىق مەسئۇللارغا شىكايەت قىلىشلىرى ۋە نادان كىشىلەر قاتلىمىنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئاللاھۇ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى مۇناسىپ شەكىلدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ئالدىدا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلار ئۇنىڭ ئاللاھنى جىسىملاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان. بۇ ھەقتە ئەھلى سۈننەت ئالىم ۋە مۇجتەھىدلىرىنىڭ بىرى ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەخسىي مۇلاھىزىلەر ئاساسىدا سۆزلەنگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنى ئاللاھنى جىسىملاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكى بىلەن ئەيىبلىگەنلەرنى ھەقسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان سۆزلەر بىلەن تولغان.»

ھالبۇكى، ئىبنى تەيمىييە ئاللاھنى جىسىملاشتۇرۇش ئىسپلەشلىرىگە قارشى نورمالدا بۇخارىينىڭ شەيخى نۇئەيم ئىبنى ھەممادى ئەلخۇزائىينىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرەتتى: «كىمكى ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشىتىدىكەن كاپىر بولىدۇ، يەنە كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى سۈپەتلىگەن بىرەر سۈپەتنى ئىنكار قىلىدىكەن كاپىر بولىدۇ. ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ

ئاللاھنى سۈپەتلەش ئۈچۈن ئىپتقان بىر سۆزنى قوبۇل قىلىش تەشبىھ ( ئوبرازلاشتۇرۇش ) ئەمەستۇر.»

ئىبنى تەيمىييە بەزىدە بىلمەسلەر تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغاندا ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئەسەرلەرنى يېزىشقان. ئىبنى ناسىرۇددىن ( **842** ) «تولۇپ تاشقان رەددىيەلەر» ناملىق كىتاۋىدا **87** دانە پەرقلىق مەزھەب ۋە چۈشەنچىدىكى ئالىمنىڭ ئىبنى تەيمىييەنى ھېچقانداق تەرەددۇتسىز ھالدا شەيخۇل ئىسلام، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇلارنى بىر يەرگە جەملىگەن.

ئىبنى تەيمىييەنىڭ ناھايىتى كۆپ ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ئەززەھەبىي مىڭ پارچە ئەتراپىدا كىتاۋى بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ھەقتە: «ئەسەرلىرىنى ساناشقا تىرىشسا ياكى باشقا بىرى ساناشنى كۆڭلىگە پۈككەن تەقدىردىمۇ سانىيالمايتتى» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىققان. بەش يۈز جىلد ھەجمىدە ئۈچ يۈز پارچە ئەسەر يازغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. [قەنئۇجى: ئەبجەدۇل ئۇلۇم ـ بېيرۇت، ( ت ي )، **III**، **131**]

ئىبنى تەيمىييە ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئېنىق ۋە ئاددى ئۇسلۇبتا يېزىلىشىدۇر. بۇنىڭ ئەڭ چوڭ پاكىتى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە قارشى ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭ دىنىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقى، شەرىئەتنىڭ مەقسەت ۋە مۇددىئالىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چۈشەنگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىبنى تەيمىييە ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىنىڭ يەنە بىرى، مۇجادىلە ئىچىدىكى جىھادقا تولغان

بىر هاياتىنىڭ مەركىزىدە يېزىلغان بولۇشى. ئۇ ئەسەرلىرىدە بىر مەسىلىنى شۇنداق ئەتراپلىق چۈشەندۈرىدۈكى (گويا بىر ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئۇسلۇبىدا ئىدى)، ئۇ ھەقتە باشقا بىر كىتابقا قاراشقا ھېچقانداق ھاجەت قالمايدۇ.

ئىبنى تەيمىييە ھىجرىيەنىڭ **726** - يىلى، شەئبان ئېيىنىڭ **6** - كۈنى (مىلادىي **1326** - يىلى ئىيۇل ئېيىنىڭ **8** - كۈنى) دەمەشىق قەلئەسىگە قامالغان. ھىجرىيەنىڭ **728** - يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ **20** - كۈنى (مىلادىي **1328** - يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ **26** - كۈنى) يەنى دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ قەلئەدە ئورۇنسىز، ھەقسىز ھالدا قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلغان. زىنداندىكى مەزگىللىرىدە ئەسەر يېزىش، زىكىر، قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ زىنداندىكى مەزگىلىدە يازغان بىر قاتار رىسالىلىرىمۇ بار. [ئەننەدەۋىي، ئا.گ.ئە. بەت - **112**، **113**]. ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن كىشىلەر قەلئەگە يۈپۈرۈلگان، ئىبنى تەيمىييەنىڭ بىر قانچە قېتىم جىنازە نامىزى قىلىنغان. ئۇ ۋاپات بولغان كۈنى بازارلاردىكى دۇككانلار ئېچىلمىغان. جىنازىسىدا ئەرلەردىن باشقا ئون بەش مىڭ ئەتراپىدا ئايال بار ئىدى. دەمەشىق شەھىرىدىكى بىر قانچە بىدئەتچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ جىنازىسىغا قاتناشمىغان كىشى قالمىغان. تارىخچىلار تارىختا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ جىنازىسىدىن كېيىن، ئۇنىڭ جىنازىسىغا ئەڭ كۆپ كىشى توپلانغانلىقىنى خاتىرىلەرگە ئالغان. يىراق - يېقىن ئىسلام ئەللىرى ۋە يەمەندىن يىراق شەرققە قەدەر رايۇنلاردا ئۇنىڭغا ئاتاپ غائىبانە جىنازە نامازلىرى

ئوقۇلغان. ئەززەھەبىي مۇنداق دەيدۇ: «رۇكۇن بىلەن ماقامى ئىبراھىم ئارىسىدا قەسەم قىلدۇرسا، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرىنى كۆرمىگەنلىكىمگە، ئۇنىڭمۇ ئىلىمدە ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنى كۆرمىگەنلىكىگە قەسەم قىلىمەن.»

م،سەئىد شىمشەكىنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن قىسمەن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

ئا.قارلۇقى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ

بەرگەن نېمەتلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن. ئاسمان ۋە زېمىندا مىسالى ۋە شېرىكى بولمىغان ئاللاھتىن باشقا قۇللۇق قىلىشقا لايىق ئىلاھنىڭ يوقلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ قۇلى، ئەلچىسى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىمەن. ئاللاھ تائالا قىيامەتكە قەدەر داۋاملىق ھالدا ئۇنىڭغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە سالامىنى بېغىشلىسۇن!!

## مۇسۇلمانلارنى دوست تۇتۇشنىڭ ۋاجىبلىقى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارغا باغلانغىنىدىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنىڭ تىلغا ئالغىنىغا ئوخشاش باشقا مۆمىنلەرنى، بولۇپمۇ ئالىملارنى سۆيۈش ۋە ئۇلارغا باغلىنىش ۋەزىپىسى بار. بۇ ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ مەنىۋىي ۋارىسلىرىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ياراتقان، زۇلمەتلىك دېڭىز ۋە قورۇقلۇقلاردا ئۇلار ئارقىلىق يولنىڭ توغرىسى تېپىلىدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ ئالىملارنىڭ (مۇجتەھىدلەر ـ ت) سالاھىيەت ۋە ھىدايەتلىرىنى بىرلىككە كەلگەن ھالدا قوبۇل قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى بارلىق ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ناچار كىشىلىرى ئۆلىمالىرى ئىدى. بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار مۇستەسنادۇر. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئالىملىرى ئەڭ ياخشىلىرىدۇر، ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ

ئۇممىتىگە قالدۇرغان ئىز باسارلىرى، ئۇنىڭ ئۆلگەن سۈننەتلىرىنى تىرىلدۇرگەن كىشىلەردۇر. كىتاب ئۇلار بىلەن، ئۇلار كىتاب بىلەن تىك تۇرغان، كىتاب ئۇلارنى تىلغا ئالغان، ئۇلارمۇ كىتابقا تايىنىپ سۆزلىگەن كىشىلەردۇر.

## ئۆلىمالار ھېچقاچان سۈننەتكە قارشى يول تۇتمايدۇ

شۇنى بىلىش لازىمكى، ئۇممەت تەرىپىدىن ئومۇمىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىنغان ئىماملارنىڭ ھېچبىرى قەستەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ بىر سۈننىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلمايدۇ؛ چۈنكى، ئۇلار ھەر تۇرلۇك شۇبھە ۋە ئىككىلىنىشلەردىن يىراق ھالدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەر بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ـ خاتاسىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، بۇ ئىماملارنىڭ بىرىنىڭ سەھىھ ھەدىسكە زىت بىر سۆزى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ مەزكۇر ھەدىسنى تەرك قىلىش خۇسۇسىدا جەزمەن قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان بىرەر سەۋەبىنىڭ تېپىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىدە بىر نۇقتىغا كەلگەن.

## ئۆلىمالارنىڭ بەزى نەسلەرگە قارشى يول تۇتۇشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار

پۈتۈن بۇ سەۋەبلەرنى ئۈچ قىسىمغا يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

**1 ـ** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ سۆزنى سۆزلىگەنلىكىگە ئىشەنمەسلىكى.

**2 ـ** بۇ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىنى كۆزدە تۇتقانلىقىغا ئىشەنمەسلىكى.

**3 ـ** بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىغا ئىشىنىشى.

بۇ ئۈچ سەۋەب يەنە بىر قاتار سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ:

بىرىنچى سەۋەب: ھەدىس شەرىفنىڭ مۇجتەھىدكىچە يېتىپ كەلمەسلىكى.

ھەدىس يېتىپ كەلمىگەن مۇجتەھىدنىڭ ئۇنىڭ تەقەززاسىنى بىلىشى شەرت ئەمەس. ھەدىس ئۇنىڭغا يېتىپ كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە يا بىر ئايەتنىڭ زاھىرى (سىرتقى) مەنىسى بىلەن ياكى باشقا بىر ھەدىس بىلەن ياكى قىياسنىڭ تەقەززاسى بويىچە ۋە ياكى مەۋجۇت ھۆكۈم ۋە ئۇنىڭ تەتبىقاتىنىڭ داۋامىغا كۆرە ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭمۇ بەزىدە مەزكۇر ھەدىسكە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن بولغىنىدەك، بەزىدە زىت بولۇپمۇ قالىدۇ. مانا بۇ سەلەفنىڭ (بۇرۇنقى كاتتا دىنىي ئۆلىمالارنىڭ) ھەدىسلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى سۆزلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھازىرلانغان سەۋەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ھەدىسلىرىنى بىلىپ كېتىش بۇ ئۈممەتنىڭ ھېچبىرىگە نېسىپ بولمىغان. پەيغەمبىرىمىز بىر سۆزنى سۆزلەيتتى، پەتىۋا بېرەتتى، ھۆكۈم قىلاتتى ۋە ياكى

بىر ئىش قىلاتتى. بۇنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بولغانلار كۆرەتتى، ئاڭلايتتى. كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى باشقىلارغا يېتىپ باراتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىلىم ساھابە، تابىئىين ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئالىملارنىڭ ئاللاھ خالىغانلىرىغا يېتەتتى. ئارقىدىن پەيغەمبىرىمىز يەنە باشقا بىر مەجلىستە بىر سۆزنى سۆزلەيتتى، پەتۋا بېرەتتى، ھۆكۈم چىقىراتتى ۋە ياكى بىر ئىش قىلاتتى، بۇنىمۇ يەنە بىر مەجلىستە يوق كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئاڭلايتتى، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئىمكانلىرىنىڭ يار بېرىشىچە يەتكۈزىشەتتى. ئەھۋال شۇنداقكەن بىر قىسىملىرىدا تېپىلغان ئىلىم يەنە بىر قىسىملىرىدا تېپىلمايتتى. بۇلاردا تېپىلغىنى يەنە بىرلىرىدە يوق ئىدى. ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئالىملار ئىلىملىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە ساغلاملىقى بىلەن بىر-بىرلىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى.

ئەمما، ھېچ بىر ئىنساننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ھەدىسلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى داۋا قىلىش ئۇچۇن قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. مىسال ئۇچۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىنى، سۈننەت، ھەرىكەت ۋە ئەھۋاللىرىنى باشقىلاردىن بەكرەك بىلىدىغان توغرا يولدىكى خەلىپىلەرنى، خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نە سەپەردە، نە شەھەردە ئايرىلمايدىغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر. ئۇ ھەر دائىم بىرگە ئىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ بەزى كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە بىرگە تۇراتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە

مۇنداق دەيتتى: «مەن، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر... بىرلىكتە كىردۇق... مەن، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر... بىرلىكتە چىقتۇق...»

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «چوڭ ئانىغا تېگىشلىك مىراس» ھەققىدە سوئال سورالغاندا: «ئاللاھنىڭ كىتابىدا ساڭا بىر نەرسە يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىمۇ ساڭا ئائىت بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. بۇنى باشقىلاردىن سورايمەن» دېگەن. بۇ سوئال باشقىلاردىن سورالغان. مۇغىرە ئىبنى شۇئبە بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىمە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئانىغا مىراسنىڭ ئالتىنىڭ بىرىنى بەرگەنلىكىگە شاھىدلىق بەرگەن[1]. بۇ ھەدىس ئىمران ئىبنى ھۇسەين تەرىپىدىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئەبۇ بەكرى ۋە باشقا خەلىپىلەرنىڭ دەرىجىسىدە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە (بارلىق ئۈممەت تەتبىقلاشتا بىرلىككە كەلگەن) مەزكۇر سۈننەتنى بىلىش شەرىپى ئۇلارغا ئائىت بولغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئىستىئزان (ئۆي ۋە ياكى باشقا يەرلەرگە كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراش) سۈننىتىنى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ خەۋەر بەرگەن ۋە ئەنسارىلارنى بۇ مەسىلىگە شاھىت قىلغان ۋاقتىغا قەدەر بىلمەيتتى[2].

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار قۇبەيسە ئىبنى زۇئەيبنىڭ مۇرسەل ھەدىسىدىن رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ يەنە باشقا مۇرسەل يوللىرىمۇ بار.

[2] بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھالبۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى ئىككى ئاغىز قىلىپ خەۋەر بەرگەن كىشىگە قارىغاندا ئالىمراق ئىدى.

بۇ بۈيۈك خەلىپە، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ئېرىنىڭ نامىغا بېرىلىدىغان دىيەت (تۆلەم) تە ھەسسىسى بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، ئۇ بۇ دىيەتنى تامامەن ئاتا تەرەپتىن تۇغقاندارچىلىقى بارلارغا ئائىت، دېگەن قاراشتا ئىدى. بۇ مەسىلە سەھرالاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن زەھھاك ئىبنى سۇفيانىنىڭ ئۇنىڭغا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشيەم ئەززەبابىينىڭ ئايالىنى يولدىشىنىڭ دىيىتىگە مىراسخور قىلغان»[1] دەپ يازغان خېتى ئارقىلىق ئايدىڭلاشتى. ئۇ بۇ خەتكە ئاساسەن ئۆزىنىڭ قارىشىدىن ۋاز كەچتى ۋە: «بۇنى ئاڭلىمىغان بولساق ئىدۇق، باشقىچە ھۆكۈم قىلغان بولاتتۇق» دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇلارغا ئەھلى كىتابقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭلار»[2] دېگەن سۆزىنى خەۋەر بەرگەنگە قەدەر جىزيە مەسىلىسىدىكى مەجۇسىيلارغا دائىر ھۆكۈمنىمۇ بىلمەيتتى.

[1] بۇنى ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە: «گۈزەل سەھىھ ھەدىس» دېگەن.

[2] مۇرسەل ھەدىس بولۇپ، بۇنى ئىمام شافىئىي «مۇسنەد»تە، بۇخارى ۋە باشقىلارمۇ «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجەر مەجۇسىيلىرىدىن جىزيە ئالغانلىقىغا دائىر گۇۋاھلىق بەرگىنىگە قەدەر مەجۇسىيلاردىن جىزيە ئالمىغانلىقىنى» رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەرغ دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا شامدا ۋابا كېسەلى تارقالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلدى. ئۇ تەرتىپ بويىچە ئالدى بىلەن مۇھاجىرلار، ئانسارلار ۋە مەككىنى فەتھى قىلىشقا قاتناشقان مۇسۇلمانلار بىلەن كېڭەشتى. ھەممىيلەن ئۆزلىرىنىڭ قاراش ۋە ئىجتىھادلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا سۈننەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمى ھەققىدە خەۋەر بەرمىدى. ئاخىرىدا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى «سىلەر تۇرىۋاتقان بىر يەردە ۋابا كېسەلى تارقالغان بولسا، ۋابادىن قېچىپ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار، بىر يەردە ۋابا بارلىقىدىن خەۋەر تاپساڭلار ئۇ يەرگە بارماڭلار»[1] دېگەن ھەدىسىنى يەتكۈزدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ناماز ئوقۇۋېتىپ "قانچە رەكئەت ئوقۇغان" لىقىنى بىلەلمەي قالغان كىشىنىڭ مەسىلىسى ھەققىدە سۆز ئېچىشتى. بۇ ھەقتىكى سۈننەتمۇ ئۇلارغا يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «شۈبھىلەنگەن تەرىپىنى قويۇپ، ئىشەنچىسى كۈچلۈكرەك بولغان تەرەپىنى ئالىدۇ ۋە نامىزىنى شۇنىڭغا ئاساسەن داۋاملاشتۇرىدۇ»[2] دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈردى.

---

[1] بۇ ھەدىسنى، بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سەئىيد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجەلەر ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، نەسسى مۇنداق: «ئەگەر بىرىڭلار نامىزىدا شەكلىنىپ قېلىپ، بىر رەكئەت ياكى ئىككى رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىسە، ئۇنى بىر رەكئەت ھېسابلىسۇن...»

بىر قېتىملىق سەپىرى جەريانىدا بوران چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بوران ھەققىدە كىم بىر نەرسە بىلىدۇ؟» دەپ سورىغان. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە: «مەن كارۋاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئىدىم، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇلاغىمنى دىۋىتىپ ئۇنىڭ قېشىغا باردىم ۋە بوران چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىلەرنى قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم»[1] دەيدۇ.

بۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك سۈننەتلەرنى بىلمىگەن ۋە ئۆزىنىڭ دەرىجىسىدە بولمىغان كىشىلەردىن ئۆگەنگەن ماۋزۇ ۋە ئورۇنلاردىن ئىبارەت.

يەنە مۇناسىۋەتلىك ھەدىس ئۇنىڭغا يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن باشقا يوللار بىلەن ھۆكۈم چىقارغان ۋە ياكى پەتىۋا بەرگەن ئورۇنلارمۇ بار. مەسىلەن:

بارماقلار ئۈچۈن تۆلەيدىغان دىيەت مەسىلىسىدە بارماقلارنىڭ ئوينايدىغان روللىرىغا پاراللىل ھالدا دىيەتلەرنىڭمۇ پەرقلىق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان ئىدى. ھالبۇكى، ئىلىم نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ سەۋىيىسىدە

---

[1] ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ «سەھىھ» ناملىق كىتابىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوران چىققاندا مۇنداق دەيتتى: ئى پەرۋەردىگارىم، مەن سەندىن ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى، ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان ياخشىلىقلارنى ۋە سەن ئۇ شامال ئارقىلىق ئەۋەتكەن ياخشىلىقلارنى تىلەيمەن، ئۇنىڭ يامانلىق تەرىپىدىن، ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان يامانلىقلاردىن ۋە سەن شۇ شامال بىلەن ئەۋەتكەن يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن.»
ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "شامال ئاللاھنىڭ روھىنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئۇ رەھمەت ئېلىپمۇ كېلىدۇ، ئازاپ ئېلىپمۇ كېلىدۇ، ئۇنىڭغا دۇچ كەلگىنىڭلاردا تىللىماڭلار، ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭ خەيرلىك تەرەپلىرىنى تىلەڭلار، يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەڭلار" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.» ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنى گۈزەل سەھىھ ھەدىستۇر، دېگەن.

بولمىغـان ئـەبۇ مۇسـا بىلـەن ئىبـنى ئاببـاس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇمالار پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتـە: «شـۇ ۋە شـۇ (كۆرسـەتكۈچ بارمـاق بىلـەن، چىمچىـلاق بارمـاق) ئوخشاشتۇر»① دېگەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ سۈننەت خەلىپىلىك دەۋرىدە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەن، ئۇمۇ بۇنىڭغا كۆرە ئەمەل قىلغان. پۈتۈن مۇسۇلمانلارمۇ بۇنىڭغا بويسۇنغان. سۈننەتكە ماس كەلمىگەن بۇ ھۆكۈم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارىتىلغـان بىـر كـەمتۈكلۈك سـانالمايدۇ، چۈنكـى، ئۇنىڭغـا مەزكۇر ھەدىس يېتىپ كەلمىگەن.

بۇنىڭغا ئوخشىغان مىسالدىن يەنە بىرى شۇكى، مەيلى ئۆمـەر رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇ بولسـۇن، مـەيلى ئوغلـى ئـابدۇللاھ بىلـەن بـەزى چـوڭ ساھابىلەر بولسـۇن، ئوخشاشـلا ھەجكـە نىيەت قىلغان كىشىنىڭ ھەم ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ھەم ئەقەبە تېشىنى ئېتىپ بولۇپ، مەككىگە كىرىشتىن ئىلگىرى خـۇش پـۇراق نەرسـىلەرنى ئىشلىتىشـىنىڭ ھارام ئىكـەنلىكىنى ئىلگـىرى سۈرىشـەتتى. چۈنكـى، ئۇلارغـا ھـەزرىتى ئائىشـە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھادىن رىۋايـەت قىلىنغـان «پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ئېھرامغـا كىرىشـتىن ئىلگـىرى ۋە ئـاخىرقى تاۋاپتىن ئىلگىرى ـ ھارام ۋە ھالالنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ بېرىش ئۈچـۈن ـ خـۇش پـۇراق نەرسـىلەرنى ئىشـلەتكەن»② دېگەن مۇنۇ ھەدىس يېتىپ كەلمىگەن ئىدى.

ئۇ يەنـە، مەسـە كىيگـەن كىشـىنىڭ ئۇنـى سېلىۋەتكەنگـە قـەدەر (ۋاقىـت چەكلىمىسىـز) تاھـارەت ئالغـاندا ئۇنىڭغـا

---

① بۇ ھەدىسنى بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان.
② بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.

مەسھى قىلىشىنىڭ جايىز ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۆرگەن. بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن باشقا كىشىلەرمۇ بار ئىدى. گەرچە مۇددەتنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ھەدىس ئىلىم جەھەتتە ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېنىق بولسىمۇ، ئۇلارغا يېتىپ بارمىغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق سەھىھ شەكىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان[1].

ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ، ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمشىرىسى فۇرەيئە بىنتى مالىكنىڭ ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: «ئىددەت ۋاقتىڭ توشقانغا قەدەر ئۆيۈڭدە كۈت»[2] دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنگە قەدەر يولدىشى ۋاپات قىلىپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ ئۆلگەن يولدىشىنىڭ ئۆيىدە ئىددىتىنى توشقۇزىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا ئاساسەن يول تۇتقان.

يەنە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر قېتىم ئۆزى ئۈچۈن ئوۋلانغان بىر ئوۋ ھەدىيە قىلىنغان، ئۇ، ئۇنى يېيىشكە

---

[1] بۇ ھەقتىكى ھەدىسنى مۇسلىم ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. يەنە دارۇقۇتنىي ئەبۇ بەكرە نەفىيئ ئىبنى ئەلھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبنى خۇزەيمە ئۇنى «سەھىھ»، دېگەن. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر مەسىگە قىلىنىدىغان مەسھىنىڭ مۇقىم كىشى ئۈچۈن بىر كېچە-كۈندۈز، مۇساپىر ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇددەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە تىرمىزى: «بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە تابىئىنلارنىڭ فىقھىي ئالىملىرىدىن ئىبارەت ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قاراشلىرىدۇر»، دەيدۇ.

[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد فۇرەيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تىرمىزىي سەھىھلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تەمشەلگەندە، ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان گۆشنى قايتۇرىۋەتكەنلىكى»[①] ھەققىدە خەۋەر بەرگەن.

ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشايتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىس ئاڭلىسام، ئاللاھ بۇيرۇغان مىقداردا ئۇنىڭدىن پايدىلىناتتىم. باشقا بىرى ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر ھەدىسىنى نەقىل كەلتۈرسە ئۇنىڭغا قەسەم قىلىشىنى تەكلىپ قىلاتتىم. رىۋايەت قىلغۇچى قەسەم قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلاتتىم، ئىشىنەتتىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا ھەدىس يەتكۈزدى (ئەبۇ بەكرى توغرا سۆزلەيتتى)...» ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزگە مۇشۇنداق كىرىپ، مەشھۇر ”تەۋبە نامىزى“ ھەدىسىنى سۆزلەپ بەرگەن[②].

ئەلي، ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) «يولدىشى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ھامىلە بولغان تەقدىردە ئىككى مۇددەتنىڭ ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى بويىچە كۈتىدۇ (يەنى بالىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت بىلەن يولدىشى ۋاپات بولغان ئايالنىڭ باشقا بىرى بىلەن ئۆيلىنىشى ئۈچۈن كۈتىشى زۆرۈر بولغان ۋاقىتنىڭ قايسى بىرى

[①] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

[②] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بىر گۇناھ سادىر قىلىپ سالغان كىشى كامىل تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئارقىدىن «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ...» ئال ئىمران سۈرىسى، 135 ـ ئايەت دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئۇزۇن بولسا، شۇنىڭغىچە كۈتۈپ ئاندىن ئۆيلىنىدۇ-ت)»، دەپ پەتىۋا بەرگەن. بۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈبەيئەتۇل ئەسلەمىيىە توغرىسىدا ئېيتقان ھەدىسى يېتىپ كەلمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئايالنىڭ يولدىشى سەئد ئىبنى خەۋلە ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئۇنىڭغا: «ئىددىتىڭنىڭ بالىسىنى تۇغۇش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى»[1] ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن.

ئەلي، زەيد، ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن): «مەھرى ئادا قىلىنمايلا ئۆيلەنگەن ئايالنىڭ يولدىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايالغا مەھرى بېرىلمەيدۇ» دەپ پەتىۋا بەرگەن. دېمەك، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرەۋئە بىنتى ۋاشىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدىكى ھەدىسىدىن خەۋەردار بولمىغان[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش پەتىۋا ۋە ھەرىكەتلەر خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

ساھابىلەردىن كېيىنكىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى ساناش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىمكانسىز، چۈنكى، ئۇلار مىڭلارنى تەشكىل قىلىدۇ.

يۇقىرىقى كىشىلەر ئۇممەتنىڭ ئەڭ بىلىملىك، فەقىھ، تەقۋا ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەخلاقى پەزىلەتكە ئىگە

---

[1] بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم سۈبەيئەتۇل ئەسلەمىيىە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، تىرمىزىي «سەھىھ» دەپ قارىغان. بۇ ئايالنىڭ يولدىشى ھىلال ئىبنى مەرەھ ئەلئەشجەئىي.

كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن ياشىغانلار بولسا، يۇقىرىقى سۈپەتلەردە ئۇلارغا قارىغاندا يېتەرسىز هالەتتە ئىدى. بەزى سۈننەتلەرنىڭ ئۇلارغا يېتىپ كەلمەسلىكى تەبىئىي. ئەلۋەتتە، بۇلار ئىزاهلاش هاجەتسىز مەسىلىلەردۇر. سەھەبە، دەپ قارالغان بارلىق هەدىسلەرنىڭ پۈتۈن مۇجتەھىدلەرگە ياكى مۇئەييەن بىر مۇجتەھىد ئالىمغا يېتىپ بارغانلىقىنى داۋا قىلغان هەر قانداق كىشى ئېغىر دەرىجىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «هەدىسلەر توپلىنىپ، كىتابلارغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلدى. بۇنداق ئەهۋالدا بۇ هەدىسلەرنىڭ بىرەر مۇجتەهىدكە نىسبەتەن سىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس» دېمەسلىكى لازىم. چۈنكى:

1 ـ مەشھۇر هەدىس مەجمۇئەلىرى مەزھەب ئىماملىرىدىن كېيىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بارلىق هەدىسلىرىنىڭ مۇئەييەن بىر هەدىس كىتابىغا توپلانغانلىقىنى داۋا قىلىش جايىز ئەمەس.

3 ـ بۇ هەدىسلەرنىڭ هەممىسى بىر كىتابقا توپلاندى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى مۇئەييەن بىر ئىمام تولۇق بىلىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەهۋال هېچكىمدە كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. بىر كىشىدە نۇرغۇن هەدىس مەجمۇئەلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ كىشى ئۇ مەجمۇئەلەردىكى هەدىسلەرنى تامامەن بىلىپ كېتەلمەيدۇ. هەتتا بۇ تۇردىكى هەدىس مەجمۇئەلىرىنىڭ توپلىنىش

دەۋرىدىن بۇرۇن ياشىغانلار كېيىنكىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ھەدىس مەلۇماتىغا ئىگە ئىدى. ئۆلارغا سەھىھ ۋە ئىشەنچلىك ۋاستىلەر بىلەن يېتىپ كەلگەن بەزى ھەدىسلەر بىزگە پەقەت يېتىپ كەلمىگەن ياكى مەجھۇل ۋاستىلەر ئارقىلىق ۋە ياكى مۇنقەتىئ (ئارىدا بىر رىۋايەت قىلغۇچى چۈشۈپ قالغان) شەكىلدە يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆلارنىڭ كىتابلىرى زېھىن ۋە قەلبلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۆلارنىڭ خاتىرىلىرى كىتابلاردىكىگە قارىغاندا بىر قانچە ھەسسە ئارتۇق مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ مەسىلىدىن خەۋەردار كىشىلەر بۇنىڭدىن ھەرگىز شەكلەنمەيدۇ.

يەنە بىرلىرى ئۇتتۇرىغا چىقىپ: «پۈتۈن ھەدىسلەرنى بىلمىگەن كىشى مۇجتەھىد بولالمايدۇ» دېمىسۇن. چۈنكى، «مۇجتەھىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىش ۋە سۆزلىرىنى بىلسۇن» دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدىن بىرمۇ مۇجتەھىد تېپىلمايدۇ. ئالىم كىشىنىڭ بارالايدىغان دەرىجىسى بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلىنىڭ تەپسىلاتىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ئاز بىر قىسىم نۇقتىلار ئۇنىڭغا سىر بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە ئەشۇ ئاز بىر قىسىم نۇقتىلار مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇ بىلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تېپىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى سەۋەب: ھەدىسنىڭ مۇجتەھىدكە قەدەر يېتىپ كەلگەن بولۇشى، ئەمما مۇجتەھىدنىڭ ئۇنى سەھىھ ۋە ساغلام، دەپ قارىماسلىقى.

بۇنىڭمۇ تۆرلۈك سەۋەبلىرى بار:

1 ـ ھەدىسنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن كىشى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى رىۋايەت قىلغۇچى ۋە ياكى رىۋايەتچىلەر تىزمىسى (سەنەد) دىن باشقا بىرسىنىڭ مۇجتەھىد تەرىپىدىن تونۇلماسلىقى.

2 ـ يالغانچىلىق بىلەن ئىسپلەنگەن ۋە ياكى خاتىرىسى ياخشى ئەمەس، دەپ قارالغان بىرى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىشى.

3 ـ زەنجىرسىمان شەكىلدىكى رىۋايەتچىلەر تىزمىسى بىلەن ئەمەس، مۇنقەتىئ (ئارىسىدا ئىسمى زىكىر قىلىنمىغان رىۋايەتچىلەر بولغان) شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان بولۇشى.

4 ـ ھەدىسنىڭ لەۋزىلىرى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن چىقىش شەكلى) نىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن بولۇشى. ھالبۇكى، ئوخشاش ھەدىس باشقا بىر مۇجتەھىد تەرىپىدىن سەھىھ ـ ساغلام، دەپ قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭمۇ بىر قانچە تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار:

1 ـ بۇ مۇجتەھىدكە ھەدىسنى ئىشەنچلىك كىشىلەر رىۋايەت قىلغان ۋە بۇ رىۋايەت زەنجىرىدە چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆرۈلمىگەنلىكى.

2 ـ بىرىنچى مۇجتەھىد تونۇمىغان (مەجھۇل) رىۋايەت قىلغۇچىنى ئىككىنچى بىر مۇجتەھىدنىڭ تونۇشىنىڭ مۇمكىنلىكى.

3 ـ بىرىنچى مۇجتەھىدكە رىۋايەت قىلغان مەجرۇھ (ئېتىبارلىق، دەپ قارالمىغان) كىشىلەرنىڭ ئورنىدا ئىككىنچى مۇجتەھىدكە ئېتىبارلىق كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلغان بولۇشى.

**4** ـ ھەدىسنىڭ باشقا يوللاردىن زەنجىرسىمان شەكىلدە يېتىپ كەلگەن بولۇشى.

**5** ـ ھەدىسنىڭ لەۋزىنىڭ باشقا ھەدىس يادلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇشى.

**6** ـ مۇناسىۋەتلىك ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىدىغان (ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان) باشقا رىۋايەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى.

بۇ (ئىككىنچى) سەۋەب نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ـ ھەدىسكە ئۇيغۇن بولمىغان ـ پەتىۋالارمۇ خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ. خۇسۇسەن تابىئىنلار، تابىئىنلارنىڭ تابىئىنلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن مەشھۇر ئىماملار ئارىسىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال ئىلگىرىكىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ھەدىسلەر تېخىمۇ كەڭ رايونلارغا تارقالغان ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولغان. بەزى ئالىملارغا سەھىھ، ساغلام يوللار ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ھەدىس، يەنە بىرلىرىگە ئاجىز رىۋايەتلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. بۇ سەۋەبلىكمۇ بىرىنىڭ قارىشىچە ھۆججەت (ھۆكۈم چىقىرىش مەنبەسى) بولغان ھەدىس، ئىككىنچى بىر ئالىمغا ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن يېتىپ كەلمەي قالغان. يۇقىرىقىغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى، نۇرغۇن ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئۇچراپ تۇرىدۇ: «بۇ مەسىلىدە مېنىڭ قارىشىم بۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەدىس سەھىھ بولسا، مېنىڭ قارىشىمنى تەشكىل قىلىدۇ.» مانا بۇ، ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇش شەرتى بىلەن

ھۆكۈمنىڭ ئۇنىڭغا ئاساسەن چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى سەۋەب: بىر مۇجتەھىد تەرىپىدىن سەھىھ، دەپ قارالغان ھەدىسنىڭ باشقا بىر مۇجتەھىدنىڭ ئۆز ئىجتىھاد ۋە قاراشلىرىغا ئاساسەن ئاجىز، دەپ قارىلىشى.

بۇنداق ئەھۋالدا مۇجتەھىدلەرنىڭ قايسى بىرى ھەقلىق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر (ھەتتا ھەر بىر مۇجتەھىد توغرا قىلغان، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلارنىڭ پىكرى بويىچە ھەر ئىككىلىسى توغرا قىلغان بولسۇن) مەسىلە ئۆزگەرمەيدۇ. بىرسى ھەدىسكە زىت ئىجتىھاد قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭمۇ بىر قاتار سەۋەبلىرى بار:

1 ـ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلاردىن بىرىنى بىر مۇجتەھىد ئىشەنچلىك، باشقا بىرى بولسا ئاجىز، دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىش ساھەسى ناھايىتى كەڭ ساھەدۇر. بۇنداق ئەھۋالدا بەزى رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ئاجىز، دەپ بىلگەن كىشىنىڭ (بۇ ھۆكۈم ۋە ئىسپلەشنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر سەۋەبنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن) ھەقلىق بولۇپ چىقىشى مۇمكىن بولغاندەك، بەزىدە بۇ سەۋەبنىڭ ئىسپلەشنى تەقەززا قىلمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھالدا رىۋايەت قىلغۇچىنى ئىشەنچلىك، دەپ قارىغان كىشى ھەقلىق بولۇپ چىقىدۇ. بىر سەۋەبنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېتىبارسىز سانىلىشىنى تەقەززا قىلماسلىقىمۇ ياكى بۇنىڭ ئىسپلەشكە يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋە ياكى رىۋايەت قىلغۇچىدا ئۇنى ئىسبلەش ھۆكمىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر سەۋەبنىڭ

تېپىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇمۇ ناھايىتى كەڭ ئىلىم ۋە ئىزدىنىش ساھەسىدۇر. رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭمۇ باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئوخشاش بىرلىككە كەلگەن ۋە بىرلىككە كېلەلمىگەن نۇقتىلىرى بار.

**2** ـ مۇجتەھىدلەردىن بىرىنىڭ ئۆزىگە ھەدىس رىۋايەت قىلغان مۇھەددىسنىڭ (ھەدىسشۇناسنىڭ) مۇناسىۋەتلىك ھەدىسنى ئۇستازىدىن ئاڭلىمىغانلىقىغا، باشقىسى بولسا ئاڭلىغانلىقىغا قانائەت قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭمۇ مۇئەييەن سەۋەبلىرى بار.

**3** ـ مۇھەددىسنىڭ ھاياتى ئىككى خىل ئوخشىمىغان ئەھۋالنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن: نورمال ئەھۋال (ساغلام ئەھۋالى) ۋە غەيرى نورمال ئەھۋال (تۇراقسىز ئەھۋالى). بۇنىڭغا مىسال قىلغان ھالدا ئەستە تۇتۇشنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىنى ۋە ياكى كىتابلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىنى خاتىرىمىزگە ئېلىشىمىز مۇمكىن. نورمال ھالىتىدە رىۋايەت قىلغانلىرى سەھىھ، غەيرى نورمال ھالىتىدە رىۋايەت قىلغانلىرى غەيرى سەھىھ بولىدۇ. مۇجتەھىدلەردىن بىرى ھەدىسنىڭ مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس) تەرىپىدىن قايسى خىل ھالەتتە رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى بىلمەيدىغان بولسا، ئىككىنچى بىرى ئۇنىڭ نورمال ھالىتىدە رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئوبدان بىلگەن بولىدۇ.

**4** ـ مۇھەددىس رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى كېيىنچە ئۇنتۇپ قالىدۇ ـ دە، ئارقىدىن خاتىرلىيەلمەيدۇ ۋە ياكى ئۆزىنىڭ ئۇنى رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. مۇجتەھىدلەرنىڭ بىرى ئۇنى ھەدىسكە ئۇچرىغان، ئاجىزلاپ

كەتكەن، دەپ قارىسا، يەنە بىرى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە چۈشىنىدۇ. بۇ مەسىلىمۇ ئېنىقتۇر.

**5** ـ ھىجاز مەدرىسىسى مەنسۇپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز مەنبەلىرىدە ئەسلى بولمىغىچە شام ۋە ياكى ئىراقلىقلارنىڭ ھەدىسلىرىنى ھۆججەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن: ئىراقلىقلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرگە ئەھلى كىتاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك: «ئۇلارنى تەستىقلىماڭلار، يالغانغىمۇ چىقارماڭلار» دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە مۇئامىلە قىلىمىز دەيدۇ. ھىجازلىقلار ئارىسىدىن يەنە بىرەيلەنگە: «سۇفيان مەنسۇردىن، ئۇ ئىبراھىمدىن، ئۇ ئەلقەمەدىن، ئۇنىڭ ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلغانلىرى ھۆججەت بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «بۇ خەۋەرنىڭ ئەسلى بىزنىڭكىلەردە بولمىسا قوبۇل قىلمايمەن» دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇنداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ سەۋەبى: ئۆزلىرىنىڭ سۈننەتنى تەلەپكە ئۇيغۇن شەكىلدە مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىگە، ھېچقانداق مەسىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغانلىقلىرىغا، ئىراقلىقلارنىڭ ھەدىسلىرىدە بولسا قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئويلىنىشنى تەقەززا قىلىدىغان غەيرى نورمال ئەھۋاللار ۋە خاتالىقلارنىڭ تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدۇر. بەزى ئىراقلىقلارمۇ شاملىقلارنىڭ ھەدىسلىرىنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەدىسنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقنى قوبۇل قىلاتتى. سۈننەت ياخشى بولغاندىن كېيىن ھەدىس مەيلى ھىجاز، مەيلى ئىراق ۋە ياكى شاملىقلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنسۇن، ئۇ مۇھىم

ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد سىجىستانى مۇئەييەن شەھەرلەرگە خاس ھەدىسلەر توغرىسىدا بىر كىتاب يازغان. بۇ كىتابتا مەدىنە، مەككە، تائىف، دەمەشق، ھىمس، كۇفە ۋە بەسرەگە ئوخشىغان شەھەرلەرگە خاس زەنجىرسىمان شەكىلدىكى رىۋايەتلەر بىلەن باشقا يەردە ئەمەس، يالغۇز بۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ئۇچرايدىغان سۈننەتلەرنى بايان قىلغان.

تۆتىنچى سەۋەب: مۇجتەھىدنىڭ خاتىرىسى ۋە ئەستە تۇتۇشى ساغلام، ئەخلاقى گۈزەل بىر يالغۇز كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى (خەبەرۇل ۋاھىدنى) قوبۇل قىلىش خۇسۇسىدا باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان شەرتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشى.

مىساللار:

**1** ـ بەزىلىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قۇرئان ئايەتلىرى ۋە سەھىھ سۈننەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنى شەرت قىلىدۇ.

**2** ـ ھەدىس، مېتودنىڭ قىياسىغا (مەيلى فىقھىي مېتودى قىياسىغا ياكى ئومۇمىي قائىدىلەرگە) ئۇيغۇن كەلمىسە رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ فىقھىي ئالىمى بولۇشىنى شەرت قىلغانلارنىڭ بولۇشى.

**3** ـ ھەممە كىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە بولسا ھەدىسنىڭ يالغۇز بىر كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىشىنى ئەمەس، كۆپ تەرەپتىن رىۋايەت قىلىنىشىنى شەرت قىلغانلارنىڭ بولۇشى.

بەشىنچى سەۋەب: ھەدىسنىڭ مۇجتەھىدكە يېتىپ كېلىشى ۋە ساغلام ئۇسۇللار ئارقىلىق قوبۇل قىلىشىدىن كېيىن، مۇجتەھىدنىڭ بۇ ھەدىسنى ئۇنتۇپ قېلىشى.

بۇ ئەھۋال كىتاب ۋە سۈننەتكە ئالاقىلىق نۇقتىلاردا ئۇچرايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى قىسسىسى بۇنىڭ جانلىق مىساللىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

- سەپەر جەريانىدا جۇنۇپ بولۇپ قېلىپ سۇ تاپالمىغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟ - دەپ سورالغاندا ئۇ:

- سۇ تاپقانغا قەدەر ناماز ئوقۇمايدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭغا قارىتا ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ ئىككىمىز سەپەر ئۈستىدە جۇنۇپ بولۇپ قالدۇق. مەن ھايۋانغا ئوخشاش يەردە يومىلاندىم، ئەمما سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ. ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزىۋىدىم، ئۇ: قوللىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يۈزلىرىنى، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ قوللىرىنى جەينەكلىرىگە قەدەر سىلىدى - دە، «سېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىڭ كۇپايە قىلاتتى» دېگەن، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

- ئى ئەممار، ئاللاھدىن قورققىن! - دېدى. ئەممار:

- خالىساڭ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلمايمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ياق، خالىغىنىڭنى رىۋايەت قىلىش مەسىلىسىدە سەن ھۆرسەن، - دەپ جاۋاپ بەردى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

مانا بۇ مىسالدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز بىشىدىن ئۆتكەن بىر سۈننەتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان پەتىۋانى بېرىدۇ. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاتىرلىتىپ قويسىمۇ ئىسىگە ئالالمايدۇ. ئەمما، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يالغانچىغا چىقارماستىن ئۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

تۆۋەندىكىسى بۇنىڭدىنمۇ جانلىق بىر مىسالدۇر: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلققە خىتاب قىلىپ: «كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايال ۋە قىزلىرىغا بېرىلگەندىن ئارتۇق مەھر بەرسە قوبۇل قىلمايمەن (ئۇنى مەھر ئىگىسىگە قايتۇرىۋېتىمەن)» دېگەن. بۇ خىتابنى ئاڭلىغان بىر ئايال ئۇنىڭغا: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى، ئاللاھ بەرگەن بىر نەرسىدىن بىزنى نېمە ئۈچۈن مەھرۇم قىلىسەن؟ - دەپ سورىغان ۋە داۋاملاشتۇرۇپ:

﴿ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ (ئۇنى قايتۇرىۋالماڭلار)﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[2]. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ

---

[1] نىسا سۈرىسى، 20 - ئايەت.

[2] مەھر: نىكاھ قىلغان چاغدا ئايال كىشىدىن پايدىلىنىش بەدلىگە بېرىلىش ۋاجىب بولغان مالنىڭ ئاتىلىشىدۇر.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى خىل مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نۇقتا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەھر بېرىش مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇن، قىزلىرىغا بېرىلگەن مەھرلەردىن ئاشۇرىۋېتىشتىن چەكلىشى. ئىككىنچىسى بولسا، بىر ئايالنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ:

قارىشىدىن ۋاز كېچىپ، ئايالنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلغان. بۇ مەشھۇر خەلىپە بۇ ئايەتنى بىلەتتى، ئەمما ھۆكۈم ئەسناسىدا ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى.

رىۋايەتلەرگە كۆرە تۆگە ئوروشى مەزگىلىدە «ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىسىگە ۋەدە قىلغان بىر ئىشنى ئېسىگە سېلىپ قويغان، بۇنىڭ بىلەن زۇبەير ئۇرۇشنى تاشلاپ

﴿ئۇلارنىڭ بىرىگە مەھرى قىلىپ كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنى قايتۇرىۋالماڭلار...﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈشى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەھرنى كۆپەيتىۋېتىشتىن چەكلىشىدىن ئىبارەت بىرىنچى خىل قاراشنى ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغىنىغا ئوخشاش «سۇننەت» كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرىمۇ مۇھەممەد ئىبنى سىيرىندىن ئەبۇ ئەجفا ئەسسىلمىي ئارقىلىق مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇنىڭ: ئاياللارنىڭ مەھرلىرىنى ئارتۇق قىلىۋەتمەڭلار، ئۇنداق قىلغىنىڭلار ئۇلارنى دۇنيادا ھۆرمەت قىلغىنىڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تەقۋالىق قىلغىنىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى ئاياللىرى ياكى قىزلىرىنىڭ بىرى بولسۇن ئون ئىككى ئوقىيەدىن ئارتۇق مەھر بەرمىگەن..» بۇنى تىرمىزىي: «گۈزەل سەھىھ ھەدىس» دېگەن.

ئارتۇق ياكى كەملىكتىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ئەرنىڭ ئىمكانىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەھرى قانچىلىك ئىدى،- دەپ سورىدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا بەرگەن مەھرى ئون ئىككى ئوقىيە ۋە نىش، ئىدى، نىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟- دەپ سورىدى. مەن: ياق،- دەپ جاۋاپ بەردىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: نىش دېگەن يېرىم ئوقىيەدۇر، دېدى.» بۇ بەش يۈز دەرھەم بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا بەرگەن مەھرلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مەھرنى زىيادە قىلىشنى يامان كۆرگەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. ئەمما ئايال كىشىنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇغا ئېتىراز بىلدۈرىشى ۋە ئايەتنى دەلىل كۆرسىتىشىنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، رىۋايەت قىلغۇچىلىرى قاتارىدا مۇجالىد ئىبنى سەئىيدمۇ بار، مۇجالىد ئاجىز رىۋايەتچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ھافىز ئىبنى ھەجەر: «كۈچلۈك ئەمەس» دېگەن.

كەتكەن ئىدى.»[1] بۇ خىلدىكى ۋەقەلەر ئىلگىرى ـ كېيىن ياشىغان كىشىلەردە نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەن.

ئالتىنچى سەۋەب: مۇجتەھىدنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەدىسنىڭ دالالەت قىلغان نۇقتىسىنى توغرا رەۋىشتە بىلەلمەسلىكى.

بۇنىڭمۇ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار:

**1** ـ ھەدىستىكى ھۆكۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ مۇجتەھىدكە نىسبەتەن يۇچۇن بولۇپ تۇيۇلىشى. بەزى ھەدىسلەردىكى «مۇزابەنە»، «مۇخابەرە»، «مۇھاقەلە»، «مۇلامەسە»، «مۇنابەزە»، «غەرەر»[2] ۋە بۇلاردىن باشقا بۇنىڭ كەبى كەلىمىلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئالىملار بۇلارنىڭ مەناسىنى ئىزاھلاش مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن.

«ئىغلاق (يېپىق) ھالىتىدە قىلىنغان ئاجرىشىش ۋە ئازاد قىلىشنىڭ ھۆكمى ئىناۋەتسىزدۇر»[3] دېگەن بۇ مەرفۇئ ھەدىس

[1] بۇنى ئەبۇ يەئلا، بەيھەقىي ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان. ئىبنى كەسىيرنىڭ «ئەلبىدايە ۋەننىھايە» ناملىق كىتابىنىڭ 7 ـ جىلد، 240 ـ بېتىگە قاراڭ.

[2] غەرەر: ئېچكى قىسمى مەجھۇل مالنىڭ سىرتقى تەرىپى بىلەن خېرىدارنى قايمۇقتۇرۇشتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاش تاشلاپ سېتىش ۋە ئېيىبىنى سۆزلىمەي سېتىشتىن توسقان» لىقىنى رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىغلاق ـ ئىكراھ ـ يەنى يامان كۆرمەك. ئەبۇ ئۇبەيدە: «ئىغلاق ـ سىقىشتۇرۇش، دېمەكتۇر» دېگەن. ئىبنى قەييۇم ئەلجەۋزىيە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇستازىمىز مۇنداق دېگەن: ئىغلاق: ئىلىم ۋە ئۇنى ئىگەللەشنىڭ ئىشىكىنىڭ تاقىلىپ قالغانلىقىدۇر. بۇنىڭ مەتونىڭ، ساراڭنىڭ ۋە مەست كىشىنىڭ ۋە نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەي قالغۇدەك دەرىجىدە ئاچچىقلانغان كىشىلەرنىڭ قىلغان

ئۇنىڭ مىسالىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەدىستىكى «ئىغلاق» كەلىمىسىنى «زورلىماق، يامان كۆرمەك» مەنىسىدە چۈشەنگەن. (بۇ مەنا توغرا بولغىنىدا) بۇنىڭدىن باشقا قاراشنى ياقىلىغانلار مەزكۇر مەنانى بىلەلمىگەن بولىدۇ.

**2** ـ مۇجتەھىد ھەدىستىكى بىر سۆزنى ئۆز دەۋرى ۋە يۇرتىنىڭ قوللىنىش ئادىتىدە بار بولغان مەنا بويىچە قوبۇل قىلىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى باشقا بىر مەنادا قوللانغان بولىدۇ. ئۇ، سۆزنىڭ لوغەت مەنىسىنى قوبۇل قىلىش ئاساس، دېگەن قائىدىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئۆز تىلىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىزاھلايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار «شەربەت» ئىچىشكە رۇخسەت بەرگەن بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغاندا، بۇنى ئۆزلىرى قوللىنىۋاتقان مەنادا چۈشىنىپ، مەست قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلاشقان. ھالبۇكى، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىزاھلانغان ئىدى. بۇنىڭغا كۆرە «شەربەت» تەم پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىچىگە خورما، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە باشقىلار تاشلانغان ۋە قاينىتىلماستىن، مەست قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلمەستىن ئىچىلگەن ئىچىملىكلەرگە رۇخسەت، دېگەننى ئىپادىلەيتتى. يەنە شۇنىڭدەك بەزىلەر قۇرئان ۋە سۈننەتتە زىكىر قىلىنغان «خەمر» (ھاراق) كەلىمىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان مەنادا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى خۇسۇسەن «قاينىتىلىپ مەست قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ئۈزۈم سۈيى» دەپ قارىغان.

---

تالاقلىرىمۇ كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىلىش ۋە ئۇنى ئاڭقىرىش ئىشكى تاقىلىپ قالغان. تالاق دېگەن مەقسىتى ئېنىق، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن كۆچكە ئىگە. ئاللاھ ھەممىدىن ئالىمدۇر.»

ۋاھالەنكى «خەمر» نىڭ مەست قىلىدىغان بارلىق ئىچىملىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر سۆز ئىكەنلىكى بىر قاتار ھەدىسلەردە يورۇتۇپ بېرىلگەن①.

3 ـ بەزىدە سۆز مەنىداش ياكى مۇجمەل (مەنىسىنى بىلىش بىر قەدەر قىيىن) ۋە ياكى ھەقىقەت بىلەن مەجاز مەنالىرى ئارىسىدا ئېھتىماللىقلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. گەرچە كۆزدە تۇتۇلغىنى باشقا مەنا بولسىمۇ مۇجتەھىد سۆزنى ئەڭ يېقىن مەنىسى بويىچە قوبۇل قىلىدۇ. گوياكى ساھابىلەر بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ روزا يېگۈ پەرز بولغان مەزگىلدە «ئاق يىپ ۋە قارا يىپ» تەبىرلىرىنى (بۇنىڭدا تاڭ كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ) ھەقىقي يىپ مەنىسىدە چۈشەنگەن.

يەنە بەزىلەر ﴿يۈز ۋە قوللىرىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾ ئايىتىدىكى «ئەيدىيكۇم» تەبىرىنى «قوللارنى قولتۇققا قەدەر» دېگەن مەنىدە قوبۇل قىلىشقان ئىدى.

بەزىدە بۇنداق ئەھۋال، سۆزنىڭ قاراتمىلىق نۇقتىسىنىڭ يوشۇرۇن بولغانلىقىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلغان مەنالارنى كۆرسىتىپ بېرىش شەكلى ۋە ئۇسۇللىرى ساناپ بولمىغىدەك دەرىجىدە كۆپتۇر. كىشىلەرنىڭ

① ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈم نازىل قىلىنغاندا مەدىنىدە بەش تۈرلۈك ئىچىملىك بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم يوق ئىدى» دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىدە خۇتبە سۆزلەپ تۇرۇپ: «ئى جامائەت، ھاراقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ھۆكۈم نازىل بولدى، ئۇلار ئۈزۈم، خورما، ھەسەل، بۇغداي ۋە ئارپىدىن ئىبارەت. ئەقىلنى بىھۇش قىلىدىغان نەرسىلەر ھاراقتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

....

سۆزلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاتا قىلغان قابىلىيەتكە كۆرە ھەر خىل بولىدۇ.

يەنە بىرلىرى بىر سۆزنى ئومۇمىي جەھەتتىن چۈشىنىدۇ ـ دە، مۇئەييەن بىر ۋەقە ياكى شەيئىنىڭ ئۇ ئومۇمىي ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىدىغان ياكى كىرمەيدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. بەزىدە باشتا چۈشىنىپ، ئارقىدىن ئۇنتۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن... بۇ مەسىلە ئاللاھتىن باشقا بىرى بىلىپ بولالمىغىدەك دەرىجىدىكى ناھايىتى ئەتراپلىق مەسىلىدۇر.

بەزىدە بىر كىشى بىلمەيلا مۇناسىۋەتلىك سۆزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىشى ئۇچۇن بۇيرۇلغان ئەرەب تىلى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بىر مەنانى بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن...

يەتتىنچى سەۋەب: ھەدىسنىڭ كۆزدە تۇتۇلغان مەناغا دالالەت قىلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلماسلىق.

بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى نۇقتىنىڭ پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىلگىرىكىسىدە سۆزنىڭ كۆزدە تۇتۇلغان مەناغا دالالەت قىلىش نۇقتىسىنى بىلەلمىگەن، بۇنىڭدا دالالەت قىلىش نۇقتىسىنى بىلگەن، ئەمما بۇنىڭغا ئوخشاش دالالەت ۋە چۈشەنچىنىڭ ساغلام بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ مەزكۇر مۇجتەھىدنىڭ ئىجتىھاد قىلىش مېتودى نۇقتىسىدىن بۇ خىلدىكى دالالەتنى، مەيلى ئۇ بۇ قارىشىدا توغرا ياكى خاتا قىلغان بولسۇن، رەت قىلىدىغان قاراشقا ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن ئۇ كىشىنىڭ: ئومۇمىيلىقىنى خاسلاشتۇرغان (مۇئەييەن نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرگەن) ئورتاق

مەنىگە ئىگە سۆز ئېتىبارلىق دەلىل بولالمايدۇ، بىر سەۋەب ۋە ۋەقە ھەققىدە كەلگەن ئومۇمىي ھۆكۈم پەقەت شۇ ۋەقە ۋە سەۋەبكە قارىتىلىدۇ، ئاددىي كەلگەن بۇيرۇق پەرز ھۆكۈمنى تەقەززا قىلمايدۇ، بۇ خىلدىكى بۇيرۇق مەسىلىنىڭ دەرھال ئىجرا قىلىنىشىنى تەقەززا قىلمايدۇ، بېشىغا «ئەلىف لام» كەلگەن مەرىفە (ئېنىق ئىسىم) ئومۇمنى كۆزدە تۇتمايدۇ، بولۇشسىز پېئىللار نە ئۆزلىرىنى، نە بارلىق ھۆكۈملىرىنى مەنپىي قىلمايدۇ، تەقەززاسى چىقىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەردە، يوشۇرۇن نۇقتىلار ۋە مەنالاردا ئومۇمىيلىق بولمايدۇ، دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش... ۋەھاكازالار. گەرچە نەزىرىيۋى ئۇسۇل قائىدىلىرى پۈتۈن تالاش ـ تارتىشلىق نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولسىمۇ، فىقھىي مېتودولوگىيەسى (ئۇسۇل ئەلفىقھىي) ئىلمىدىن كېلىپ چىققان تالاش ـ تارتىشلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

مۇئەييەن بىر دالالەتنىڭ (قاراتمىلىقنىڭ) ئېنىق بىر دالالەت تۈرىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ياكى كىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. مەسىلەن مۇئەييەن بىر سۆزنىڭ مەنداشلىقتا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە قايسى مەنىسىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئىشارىنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مۇجمەل (ئېنىقسىز)، دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش...

سەككىزىنچى سەۋەب: مۇجتەھىدنىڭ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان دالالەتنىڭ كۆزدە تۇتۇلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان باشقا دەلىلنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىشى.

مەسىلەن: ئومۇمي بىلەن خۇسۇسىينىڭ، مۇتلەق بىلەن مۇقەييەدنىڭ (شەرتسىز بىلەن شەرتلىكنىڭ)، شەرتسىز بۇيرۇق بىلەن ۋاجىبنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بىر دەلىلنىڭ، ھەقىقەت بىلەن مەجاز دالالىتى ۋە باشقىلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشىمۇ بۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ نۇقتىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە كەڭدۇر؛ چۈنكى، سۆزلەرنىڭ دالالەتلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولۇپ قېلىشى، بۇلارنىڭ بىرلىرىنى يەنە بىرلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش مەسىلىرى (ئىنسانغا) غايەت زور بىر دېڭىزنى ئەسلىتىدۇ.

تۇققۇزىنچى سەۋەب: مۇجتەھىدنىڭ، بىر ھەدىسنىڭ يا مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش) بولغانلىقىنى ياكى ئاجىز ئىكەنلىكىنى ۋە ياكى تەۋىل قىلىش مۇمكىن بولسا تەۋىل قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ۋە كۈچلۈك ھالدا بۇ مەنانى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەت، ھەدىس ۋە ئىجمائغا ئوخشىغان باشقا بىر دەلىل بىلەن تېپىشىپ قالغانلىقىغا ئىشىنىشى.

بۇمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

ئا) يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئېھتىماللىقنىڭ بىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئەمما قايسى بىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ب) قەتئىي شەكىلدە بىر دەلىلنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسنى مەنسۇخ ياكى تەۋىل قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەنسۇخ ھۆكۈمدە كېيىن كەلگەننى ئىلگىرى كەلگەن، دەپ ھېسابلاپ قالىدۇ. تەۋىل ھۆكمىدە

بولسا ھەدىسنى ئىبارىسى ماقۇل كۆرمەيدىغان بىر خىل شەكىلدە تەۋىل قىلىدۇ ۋە تەۋىلگە قارشى كەلگەن بىر دەلىلنى كۆرمەي خاتالىق سادىر قىلىپ قويىدۇ.

دەسلەپكى قاراشتىكى ئىككى دەلىلنىڭ زىتلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىشىدە تۆۋەندىكى ئېھتىماللىقلار تېپىلىشى مۇمكىن:

1 ـ ھەدىسكە قارشى دەپ قارىغان دەلىلدە بۇ زىت دالالەتنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى.

2 ـ قارىمۇقارشى مەنا ئىپادىلىگەن ھەدىس (تېكىست ۋە ياكى مەنبە نۇقتىسىدىن) بىرىنچى ھەدىسنىڭ دەرىجە ۋە كۈچىدە كەلمەسلىكى.

3 ـ بىرىنچى ھەدىس ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ساناپ ئۆتكەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھەدىسنىڭ تېمىسى بولۇشى ئېھتىماللىقى.

4 ـ مۇددىئا قىلىنغان ئىجمائىنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزگىچە قاراش ئىگىلىرىنى (كۆپچىلىككە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇجتەھىدنى) بىلەلمەسلىكتۇر. ئالدىنقى قاتاردىكى نۇرغۇن ئۆلىمالارنى ئۇچراتتۇقكى، ئۇلار بەزى تېمىلاردىكى سۆزلىرىنىڭ سەۋەب ۋە تايانچىنى، شۇنىڭدەك ئوخشاش تېمىدا ئوخشىمىغان شەكىلدە قاراش ئوتتۇرىغا قويغان مۇجتەھىدلەرنى بىلىپ كېتەلمىگەن. ئەمما، ئالىملارنىڭ ئۆز قاراشلىرى (ئېرىشكەن دەلىللىرى سەۋەبلىك) باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىپ تۇرغان

تەقدىردىمۇ، ئوتتۇرىغا قويغۇچىسىنى بىلمەيدىغان سۆزلەرنى ئاساس قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا بەزىلىرى سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بۇ مەسىلىدە ئىجمائ بولسا، تەتبىقلاشقا ئەڭ لايىق قاراش شۇدۇر. ئەمما ئىجمائ بولمىسا مېنىڭ قارىشىم مۇنىۋلاردۇر.» مىسال: «قۇلنىڭ شاھىدلىقىنى جايىز» دەپ قارىغان بىرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ھالبۇكى، قۇلنىڭ شاھىد بولۇشىنىڭ جايىزلىق قارىشى ئەلىي، ئەنەس، شۇرەيھ ۋە باشقىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

بىرلىرى: «يېرىم ئازاد قىلىنغان كىشىنىڭ مىراسخور بولالمايدىغانلىقىغا ئىجمائ قىلىنغان» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. ھالبۇكى، بۇ خىلدىكى كىشىنىڭ مىراسخور بولالايدىغانلىقى ئەلىي ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل قىلىنغان گۈزەل ھەدىسمۇ بار[1].

يەنە بىرى: «نامازدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام يوللاشنى پەرز قىلغان بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەن. ھالبۇكى، بۇنىڭ پەرز بولغانلىقىغا دائىر قاراش ئەبۇ جەئفەر باقىردىن رىۋايەت قىلىنغان[2].

---

[1] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېلىشىم قىلىنغان قۇل ئادا قىلغان ۋەزىپىسىنىڭ مىقدارىدا ئازاد قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئازاد قىلىنغان مىقدار ھەد شەرئىي جازا ئىجرا قىلىنىدۇ، يەنە ئازاد قىلىنغان مىقدار مىراسخور قىلىنىدۇ.» بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە گۈزەل ھەدىس، دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن.

[2] ئىبنى قەييۇم ئەلجەۋزىييە ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇننىڭ: «جلاء الإفهام في الصلاة على خير الأنام عليه الصلاة والسلام» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

بۇنىڭ سەۋەبىگە كەلگىنىمىزدە، كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ مەلۇمات مەنبەسى ئۇزلىرى ياشاۋاتقان رايۇنلاردىكى ئالىملارنىڭ مەلۇماتلىرىدىن، شۇنداقلا باشقا بىر قىسىم ئالىملارنىڭ مەلۇماتلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. دەرۋەقە، ئۇبىدان دىققەت قىلغىنىمىزدا، ئىلگىرىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پەقەت مەدىنە ۋە كۇفەلىكلەرنىڭ قاراشلىرىنىلا بىلىدىغانلىقلىرىنى بايقايمىز. كېيىنكىلەرنىڭمۇ كۆپىنچىلىرى ئېتىراپ قىلىنغان ئىككى، ئۈچ ئالىمدىن باشقىسىنىڭ قاراشلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنلەرنى ئىجمائقا ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئوخشاش قاراشنى بۇرۇندىنلا ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن كىشىلەرنى بىلمەيدۇ. مانا بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر كىشى ئۆزىنىڭ بىلگىنى بىلەن بىر يەردىن چىقمىغان بىر ھەدىس بىلەن روبىرو بولۇپ قالسا، ئىجمائقا زىت كېلىپ قالىدۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن (ياكى ئىجمائقا زىت، دەپ قارىغانلىقى سەۋەبلىك) بۇ ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ھۆكۈم قىلمايدۇ. چۈنكى، (ئۇنىڭچە ـ ت) ئىجماﺋ دەلىللەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. مانا، بەزى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزرىخاھلىقى بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. بەزىلەر بۇ مەسىلىدە ھەقىقەتەنمۇ ئۆزرىلىكتۇر، ئەمما بەزىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆزرىلىك بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنى ئۆزرىلىك ھېسابلايدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئۈچىنچى سەۋەب: ھەدىسنىڭ ئاجىز، مەنسۇخ ياكى تەۋىل قىلىنغان (باشقا بىر مەناسى كۆزدە تۇتۇلغان) لىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان باشقا بىر دەلىلنى ئۇچراتقانلىقىغا (باشقىلار ئىشەنمىگەن تەقدىردىمۇ مۇئەييەن بىر مۇجتەھىد) ئىشىنىشى.

بەزىدە مۇئەييەن بىر ھەدىس بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان تۇردىكى ھەدىسلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. يەنە بەزىدە بۇنىڭغا ئوخشاش قارىمۇقارشىلىق بولمىغان تەقدىردىمۇ مۇجتەھىد ئۇنى قارىمۇقارشى، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. مەسىلەن كۇفە مەدرىسىسى مەنسۇپلىرىنىڭ سەھىھ ھەدىس بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ زاھىرى (قۇرئان كەرىمنىڭ كەلىمىلىرىدىن ئېلىنغان مەنالار) قارشىلىشىپ قالغان، دەپ قاراشلىرى بۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمىي مەنىگە ئىگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئايەتلىرىنى ھەدىسنىڭ نەسلىرىنىڭ ئالدىغا قويىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىدە ئەسلىدە زاھىرى (ئاشكارا) بولمىغاننى (سۆزگە قاراپ)، زاھىرى دەپ ھېسابلىغان. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ مەناغا ئىشارە قىلىدىغان ناھايىتى كۆپ تۈرلىرى باردۇر. مانا بۇ سەۋەبلىك ئۇلار «شاھىد ۋە قەسەمگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش» ھەققىدىكى ھەدىسنى قوبۇل قىلىشمىغان. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىمدە بىر شاھىد ۋە قەسەمگە تايىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشنى چەكلىگەن ئۇچۇق ئايەت يوقتۇر. ئەگەر بۇنداق بىر ئايەت بولغان بولسا ئىدى، يەنە باشقىلىرىغا كۆرە بىر توقۇنۇش بولمىغان، سۈننەت ئايەتنى ئىزاھلىغان بولاتتى. بۇ قائىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئىمام شافىئىينىڭ ئوتتۇرىغا

قويغانلىرى ھەممىگە مەلۇم. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭمۇ سۈننەتنىڭ تەپسىرىنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ زاھىرى (ئاشكارا) مەنىلىرىنىڭ ھەممىگە كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانلارغا رەددىيە بېرىش مەقسىتىدە يازغان مەشھۇر بىر رىسالىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن دەلىللەرنى بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈش ئورۇن نۇقتىسىدىن ئىمكانسىزدۇر.

بەزى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلماسلىقلىرىنىڭ ئۈنىنچى سەۋەبىنىڭ ئىچىدە يەنە مۇنۇلارمۇ بار:

ئا) قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمىي مەنىدىكى بىر ئايىتىنى خاسلاشتۇرغان، مۇتلەقنى (شەرتسىزنى) شەرتكە باغلىغان ۋە ياكى ھۆكۈم ۋە مەنىسىغا ئىلاۋە قىلىنغان سۈننەتلەرنى قوبۇل قىلماسلىق.

ب) بۇنى چىقىش قىلغانلارنىڭ مۇنداق دېيىشى: «مۇتلەق (شەرتسىز) بىر ئايەتنى شەرتلىك ھالەتكە كەلتۈرۈش، ئومۇمىينى خاسلاشتۇرۇش كەبى نەسلەرگە بىر نەرسىنى ئىلاۋە قىلىش نەسختۇر...»

ئونىنچى سەۋەبنىڭ باشقا مىساللىرى:

**1** - مەدىنە فىقھىي ئۆلىمالىرىنىڭ بىر قىسمى مەدىنىلىك ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ مەسىلىدە خەۋەر (ھەدىس) كە قارشى يول تۇتۇشتا بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر مەسىلە ئۈستىدە ئىجمائ قىلىشى (بىرلىككە كېلىشى) دەلىل سۈپىتىدە

قوللىنىلىدۇ ۋە خەۋەر (ھەدىس) دىن يۇقىرى ئورۇندا قويىلىدۇ. مانا بۇ پرىنسىپقا تايانغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئېلىش ـ بېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك) «ئورۇن تاللاش» توغرىسىدىكى ھەدىسلەرگە قارشى يول تۇتىدۇ. ھالبۇكى، باشقا نۇرغۇن فىقھىي ئالىملىرىغا كۆرە، مەدىنە ئۆلىمالىرى بۇ مەسىلىدە بىرلىككە كەلمىگەن، بەلكى ئىختىلاپ قىلىشقان. ھەتتا ئىختىلاپ ئەمەس، بىرلىككە كەلگەن تەقدىردىمۇ، باشقىلار بۇلارغا قارشى چىققان ھامان ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نۇقتىنىڭ ھەدىس ۋە سۈننەت بولۇشى شەرتتۇر.

**2** ـ ئىككى شەھەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ مۇئەييەن مەدرىسگە مەنسۇپ كىشىلىرى بەزى ھەدىسلەر بىلەن روشەن قىياسنىڭ قارىمۇقارشى كېلىپ قالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەدىسكە ئەمەل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا كۆرە ئومۇمىي پرىنسىپلار (بىر قاتار ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن چىقىرىلغان ئومۇمىي ھۆكۈملەر ـ ت) بىر خەۋەرگە (ھەدىسكە) تايىنىپلا بۇزۇلمايدۇ. قارىمۇقارشىلىقلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مەيلى توغرا ياكى خاتا قىلغان بولسۇن، ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلماسلىقلىرىغا سەۋەب بولغان بۇ ۋە بۇلارغا ئوخشىغان بىر قاتار قارىمۇقارشىلىقلار بار.

مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ بەزى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلماسلىقلىرىغا سەۋەب بولغان بۇ ئون تۈرلۈك سەۋەب يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

ئالىم كىشىنىڭ مۇئەييەن ھەدىسلەرگە نېمە ئۈچۈن ئەمەل قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئەمما بىز كۆرۈپ باقمىغان پاكىتلىرىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇمكىنلىكى

ئىلىم ھاسىل قىلىش يوللىرى يېتەرلىك دەرىجىدە كەڭدۇر. بۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلىمالار بىلىدىغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ بىلىپ كېتىشىمىز ناتايىن. ئالىم كىشى ئۆزىنىڭ تايانغان دەلىلىنى بەزىدە ئوتتۇرىغا قويىشى، بەزىدە قويماسلىقىمۇ مۇمكىن بولغاندەك، ئوتتۇرىغا قويغان تەقدىردە ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىمۇ، كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن چاغدا، مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل-پاكىت مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىزمۇ، چۈشەنمەسلىكىمىزمۇ مۇمكىن.

خۇلاسە: بىز بۇلارنى مۇشۇنداق قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سەھىھ بىر ھەدىسكە تايىنىش شەكلى بىلەن دەلىلى ئوتتۇرىدا بار ۋە بىر قىسىم فىقھىي ئالىملىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر خىل قاراشنى، مەيلى ئىلمى ئىقتىدارى قانچىلىك يۇقىرى بولسا بولسۇن، بۇ دەلىلنى رەت قىلالايدىغان قاراشقا ئىگە، بىر ئالىمنىڭ سۆز ۋە قاراشلىرىغا ئاساسەن تەرك قىلمايمىز. چۈنكى، خاتالىقلارنىڭ ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرىغا ئارىلىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى، شەرئىي دەلىللەرگە ئارىلىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقىدىن ئارتۇقتۇر. كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت شەرئىي دەلىللەر ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق بەندىلىرى ئۈچۈن بەرگەن كەسكىن پاكىتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئەكسىچە ئالىم كىشىنىڭ قارىشى ئۇ خىل ئورۇنغا ئىگە ئەمەستۇر. كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت شەرئىي دەلىلدە ئۆزىگە ئوخشاش سەۋىيىدىكى بىر دەلىل بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ قالمىغان

تەقدىردە خاتالىق يۈز بەرمەيدۇ. ئەمما ئالىم كىشىنىڭ قارىشى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

«ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلمىغان ئالىمنىڭ ئەلۋەتتە تايانغان بىر مەنبەسى باردۇر» دېگەن سۆزگە تايىنىش ئارقىلىق ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلماسلىق جايىز، بولغان بولسا ئىدى قولىمىزدا بۇ تۈرگە كىرىدىغان ھېچقانداق دەلىل قالمىغان بولاتتى. ھالبۇكى، بىزنىڭ مۇددىئايىمىز ھەدىسلەر (مۇشۇنداق ئېھتىماللىق ئىچىدە) تەرك قىلىنىدۇ، دېيىش ئەمەس، بەلكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بەزى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلماسلىقلىرىدا سەۋەبلىرىنىڭ بار بولۇشى ئېھتىماللىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدە سەۋەبلىرىنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، بىزمۇ ئۇلارنىڭ دەلىلسىز ھالدا تەرك قىلغان مەسىلىلىرىنى تەرك قىلىپ، ھەدىسكە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۇممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ ساۋابى) ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار (نىڭمۇ ساۋابى) ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس﴾[1].

﴿ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار﴾[2].

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 134 ـ ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى، 59 ـ ئايەت.

بىــر كىشــىنىڭ كــۆز قارىشــىغا تــايىنىپ، پــەيغەمبەر ئەلەيهىسســالامنىڭ ســەهىھ هەدىسىگــە قارشــى چىقىــش ھېچقانداق كىشىنىڭ ھەققى ۋە ھەددى ئەمەس. مەسىلەن: ئىبــنى ئابباس رەزىيــەللاھۇ ئــەنهۇمادىن بىــر كىشــى بىــر مەسىلىنى سورىغان، ئىبنى ئابباس ئۇ كىشىگە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هەدىسىنى دەلىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەرگەندە، ئۇ كىشى: «ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن ئىدى» دېگەن. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغــا: «ئۇســتۇڭلارغا ئاســماندىن تــاش يېغىشــىدىن قورقىمەن؛ مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇنداق دېگەن، دەۋاتسام، سىز ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ سۆزىنى تىلغا ئېلىۋاتىسىز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

هارام ئىشنى سادىر قىلغانلارنىڭ جازاغا ئۇچرىشى ئۇنىڭ شــۇ ئىشــىنىڭ هــاراملىقىنى بىلىشــى يــاكى ئۆگــىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

بــەزى ھەدىسلەرگــە ئەمــەل قىلماســلىقنىڭ مــەلۇم سەۋەبلىرىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىققان ۋە هالال ۋە ياكى هارام هۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر سەهىھ هەدىس مەۋجۇت بولسا، تەرك قىلىش سەۋەبلىرىنى بايان قىلغان ئالىملارنىڭمۇ بۇ هەدىسكە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقسا، هارامنى هالال قىلغانلىقى ياكى هالالنى هارام قىلغانلىقى ۋە ياكى ئاللاھ نازىل قىلغىنىدىن باشقا بىر دەلىل ئارقىلىق هۆكۈم ۋە ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر ئالىم جازاغا ئۇچرايدۇ، دېگەن ئېتىقادتا بولماسلىق كېرەك.

شۇنىڭدەك بىر ھەدىستە بىر ئىشقا نىسبەتەن لەنەت، ئاللاھنىڭ غەزىۋى ۋە باشقىلار كەبى تەھدىتلەر بار بولۇپ، (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەر تۈپەيلى) بىر ئالىم بۇ ئىشنى مۇباھ، دېگەن ياكى سادىر قىلغان بولسا، ئۇنى بۇ تەھدىتكە لايىق، دەپ قارىماسلىق لازىم.

مۇجتەھىد توغرا ئىجتىھاد قىلسا ئىككى، خاتا ئىجتىھاد قىلسا بىر ئەجىرگە ئېرىشىدۇ

بۇ مەسىلىلەر باغداد مۇئتەزىلەلىرىدىن بىشىرىل مۇرەيسىي[1] ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان بىر قانچە كىشى مۇستەسنا، بارلىق ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندۇر. يۇقىرىقى كىشىلەر بولسا، ئىجتىھاد قىلىپ، خاتالاشقان كىشىنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنداق قاراش خاتادۇر. چۈنكى، ھارامنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ جازالىنىش تەھدىتى دائىرىسىگە كىرىشى ئۈچۈن ئۇ كىشى ھارام ھۆكۈمنى يا بىلگەن بولۇشى ياكى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەكتۇر. ئىسلامي مەركەزلەردىن يىراق يەرلەردە يېتىشكەن ياكى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىر كىشى ھارام بولغانلىقىنى بىلمەستىن بىر ئىشنى قىلىپ سالسا گۇناھكار بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەد

[1] تولۇق ئىسمى: بىشىر ئىبنى غىياس ئىبنى ئەبۇ كەرىيمە ئابدۇرراھمان ئەلمۇرەيسى، ئەلئەدەۋىي، ئەبۇ ئابدۇرراھمان بولۇپ، پەلسەپىنى ياخشى بىلىدىغان مۇئتەزىلىيە فىقھىي ئالىملىرىنىڭ بىرى. ئۇ «مۇرەيسىييە» تائىپىنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ، بۇ تائىفە ئۇنىڭغا مەنسۇپ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ فىقھىي ئىلمىنى قازى ئەبۇ يۇسۇپتىن ئۆگەنگەن. جەھمىييە ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھارۇن رەشىيد باشقۇرىشىدىكى دۆلەتتە قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلارمۇ بار. ئۇ بىر قاتار ئەسەرلەرنى يازغان. دارىمىينىڭ «بىشرىل مۇرەيسگە رەددىيە» ناملىق بىر پارچە كىتابى بار. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 218 ـ يىلى 833م ۋاپات بولغان.

(شەرئىي جازا) يۈرگۈزۈلمەيدۇ؛ ھەتتا ئۇ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن سادىر قىلغان گۇناھىدا شەرئىي بىر دەلىلگە تايانمىغان تەقدىردىمۇ. ئەھۋال بۇنداق بولغانىكەن، (مۇناسىۋەتلىك ئىشنى) ھارام قىلغان ھەدىس ئۆزىگە يېتىپ كەلمىگەن، خاتالىق سادىر قىلغاندا بىر دىنىي دەلىلگە تايانغان كىشىنىڭ جازاغا تارتىلماسلىقى ئەقىلگە تېخىمۇ ئۇيغۇن، ھەقىقەتكە تېخىمۇ يېقىندۇر. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىجتىھادىدا خاتالىق سادىر قىلغان كىشىمۇ ئەجىرگە لايىق كۆرۈلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿داۋۇت بىلەن سۇلايماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىد ئىدۇق. قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۇردۇق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ھېكمەتنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق...﴾[1]

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا توغرا چۈشىنىش ۋە ھۆكۈم قىلىش (توغرا ھۆكۈم قىلىش) نى يالغۇز سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ھەر ئىككىسىنى ئىلىم ۋە ھۆكۈم نۇقتىسىدىن مەدھىيىلەيدۇ.

بۇخارىي ۋە مۇسلىمدا ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھاكىم ئىجتىھادى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، توغرا قىلسا ئۇنىڭغا ئىككى ساۋاب، خاتا

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 78، 79 ـ ئايەتلەر.

ئىجتىهاد قىلسا بىر ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ھەدىس شەرىفتىن شۇ نەرسە ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، مۇجتەھىد خاتا قىلغان تەقدىردىمۇ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇ ساۋاب ئۇنىڭ قىلغان ئىجتىهادى ئۈچۈن بېرىلىدىغان بولۇپ، خاتاسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەپۇ قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھەر بىر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلغاندا توغرا ھۆكۈم قىلىش يا ئىمكانسىز ياكى ناھايىتى قىيىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)﴾[1].

﴿الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾[2].

بۇخارىي ۋە مۇسلىمدا خەندەك ئورۇشى يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە «ھېچكىم بەنى قۇرەيزەگە بارماي تۇرۇپ، ئەسىر نامىزىنى ئوقۇمىسۇن» دېگەنلىكى نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ. ساھابىلەر يولدا چېغىدا ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالىدۇ. بەزىلىرى «بەنى قۇرەيزەگە بارماي تۇرۇپ ئوقۇمايمىز» دېيىشىدۇ. يەنە بىر قىسمى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزدە تۇتقىنى بۇ ئەمەس» دېگەننى ئىلگىرى سۈرۈپ، يولدا ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى گورۇپپىنىڭ ھېچبىرىنى ئەيىبلىمەيدۇ.

[1] ھەج سۈرىسى، 78 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 185 ـ ئايەت.

بىرىنچى گۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىتابىنى بارلىق ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىمۇ بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىرى ئىدى. ئىككىنچى گۇرۇپ بولسا، يەنە بىر دەلىل ئارقىلىق نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىچىگە قويمىغان ئىدى. چۈنكى، بۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەقسىدى «ئىمكان بار ئۇ يەرگە تېز بېرىڭلار» دېگەننى كۆرسىتەتتى.

بۇ مەسىلە فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ مەشھۇر ئىختىلاپىنى تەشكىل قىلغان «ئومۇمىي خىتاب ۋە ھۆكۈم، قىياس ئارقىلىق خاسلاشتۇرۇلامدۇ؟» دېگەن مەسىلە. بۇنىڭ بىلەن بىرگە نامازنى يولدا ئوقۇغانلار تېخىمۇ توغرا يول تۇتقان بولدى.

شۇنىڭدەك بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى سا[1] ئېغىرلىقىدىكى خورمىنى بىر سا ئېغىرلىقىدىكى خورمىغا ساتقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشكە بۇيرىغان[2]، ئەمما ئۇنىڭغا جازانىخورلۇق ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىگە ئوخشاش جازا بەرمىگەن؛ قاتتىق گەپ قىلمىغان، لەنەتلىمىگەن ۋە پاسىقلىق ئىپادىسىنى قوللانمىغان.

---

[1] بىر سا 2،176 گىرام ئېغىرلىقىدىكى بۇغداي سىغىدىغان قاچا. ـ تەرجىمان.

[2] ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردە بىر كىشىنى ئىشلەتكەن. ئۇ كىشى جۈنەيب ئىسىملىك خورمىدىن ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «خەيبەرنىڭ بارلىق خورمىلىرى مۇشۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇ كىشى: ياق، ئى رەسۇلۇللاھ، بىز بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر سانى ئىككى ساغا ئالىمىز، ئىككى سانى ئۈچ ساغا ئالىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئۇنداق قىلما، سەن خورمىلىرىڭنى دەرھەمگە ساتقىن، ئارقىدىن دەرھەملىرىڭگە جۈنەيب خورمىسىدىن ئالغىن» دېگەن. ـ بۇخارى رىۋايىتى.

چۈنكى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشنى قىلغان چاغدا ئۇنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

يەنە ئەدىي ئىبنى هاتەم ۋە بىر گۇرۇپ ساهابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) روزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

﴿تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر...﴾[1]

ئايىتىدىكى «ئاق ۋە قارا يىپ» نى ھەقىقىي يىپ، دەپ قانائەتلەنگەن ئىدى. شۇڭا ئاق يىپ بىلەن قارا يىپنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولغىدەك يورۇغانغا قەدەر يەپ، ئىچەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدىيگە: «ئۇنداقتا سىنىڭ مىڭەڭ ئىغىركەن؛ ئۇ دىگەن كۈندۈزنىڭ يورۇقى بىلەن كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى مەناسىدىدۇر» دىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىگە ئىشارە قىلغان، ئەمما گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ) ھېسابلىنىدىغان قەستەن روزىنى بۇزۇش جازاسىنى بەرمىگەن.

سوغۇق پەيتتە شەرئىي جەھەتتىن يۇيۇنىشى ۋاجىب بولۇپ قالغان بىشىدىن يارىلانغان بىر كىشىنىڭ يۇيۇنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا پەتىۋا بەرگەنلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنداق بولمىغان. ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ پەتىۋاسى بويىچە يۇيۇنۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەتىۋا بەرگەنلەرگە: «ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلسۇن، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەر بىلمىسە باشقىلاردىن سورىسا بولماسمىدى؟!

[1] بەقەرە سۈرىسى، 187 ـ ئايەت.

ئاجىزنىڭ، بىلىمسىزنىڭ چارە ۋە داۋاسى سوراشتۇر» دېگەن[1].

بۇ كىشىلەرنىڭ مەزكۇر جازاغا لايىق بولۇشلىرىنىڭ سەۋەبى ئىجتىھاد قىلىش سالاھىيىتى بولماي تۇرۇپ، پەتىۋا بەرگەنلىكى ۋە خاتالىق سادىر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر.

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇرقات ئۇرۇشىدا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قىساس، كەففارەت ياكى كاپالەت جازاسى بەرمىگەن[2]. چۈنكى، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ

---

[1] بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ئارىسىدا چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى بار. بۇ ھەدىسنى دار قۇتنىي، ئىبنى ماجە، ئەۋزائىينىڭ ھەدىسىدىن ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ۋەلىيد ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئەبۇ رەباھ تاغىسى ئەتادىن، ئۇ ئىبنى ئابباستىن مەرفۇئ ھالەتتە رىۋايەت قىلغان. بۇ رىۋايەتنى كۈچلەندۈرىدىغان باشقا يوللارمۇ بار.
بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد تۆۋەندىكى ئىبارىلەر ئاساسىدا رىۋايەت قىلغان: «سەپەرگە چىققان ئىدۇق، بىر كىشى تاشقا ئۇسسۇپلىپ بېشىنى يارىلاندۇردى ۋە ئارقىدىن ئېھتىلام بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەمراھلىرىدىن: "مېنىڭ تەيەممۇم قىلىشىم ئۈچۈن رۇخسەت تاپالامسىلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇلار: ساڭا رۇخسەت تاپالمايمىز... دەپ جاۋاب بېرىشتى...» ھەدىس رىۋايەتچىلىرى ئىچىدە رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى بار.
[2] ئۇسامە ئىبنى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى جۇھەينەنىڭ ھۇرقە دېگەن يېرىگە ئەۋەتتى. بىز ئۇ يەرگە سەھەر بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق ۋە مەن ئەنسارلاردىن بىر كىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىنى تۇتىۋالدۇق. بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشەلگەندە ئۇ: "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دېدى. يېنىمدىكى ئەنسارىي: ئۇنى قويۇۋەت،- دېدى. مەن نەيزەمنى سانچىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈم. بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ھەي ئۇسامە، "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دېگەندىن كېيىنمۇ ئۆلتۈردۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئۇ قورققانلىقىدىن ئىمان ئېيتقان ئىدى،- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەندىن كېيىنمۇ ئۆلتۈردۈڭمۇ؟» دېگەن سۆزىنى تەكرارلىدى. مەن شۇ كۈندىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغان بولساممۇ كاشكى، دېگەنلەرنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم". بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
ھۇرقات: جۇھەينەدىكى بىر سەھرا بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى غالىب ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئەلكەلبىي ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى بەنىي مەررە زېمىنىدىكى نەخلە سەھراسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئىدى. ئۇسامە ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى مىرداس ئىبنى نۇھەيك ئىدى.

ئەنەۋ (قۇرقانىلىقى تۆپەيلى سەممىي بولماسلىق ئېھتىماللىقى بولغان) ئۇنداق كىشىنىڭ ئىسلامىنى توغرا بولمايدۇ، دېگەن چۈشەنچىگە ئاساسەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى يوللۇق، دەپ قارايتتى. ھالبۇكى، ئۇ خىلدىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش ھارام ئىدى.

«تۇتقان يولىدا ھەقىقەتكە تايانمىغان كىشىلەر ھەقنى تۇتقان كىشىلەرنىڭ قېنىنى ھالال ھېسابلاپ چىققان ئۇرۇشلاردا ئۇلارنىڭ قېنىنى ئېقىتقان كىشىلەر ئۇچۇن (گەرچە دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئورۇشۇش ھارام بولغان تەقدىردىمۇ) قىساس، دىيەت ۋە كەففارەت كەلمەيدۇ» دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن سەلەپلەر، كۆپچىلىك ئۆلىمالار يۇقىرىدىكى پرىنسىپنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان.

ۋەدە قىلىنغان مۇكاپاتقا نائىل بولۇشنىڭ شەرتى ئىخلاس قىلىش ۋە دىندىن چىقىپ مۇرتەد بولماسلىق

بىر كىشىنىڭ نەسكە (شەرئىي دەلىلگە) زىت ھەرىكەت قىلغىنىدا كېرەكلىك جازاغا ھەقلىق بولۇشىنىڭ شەرتىنى تەھدىتكە مۇناسىۋەتلىك تېمىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ شەرتنى ھەر قېتىملىق خىتابتا تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، بۇ شەرتلەر قەتئىي بىر ئىلىم ۋە پرىنسىپ سۈپىتىدە خاتىرىلەردىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقەلەردە تىلغا ئېلىنغان. دىنىنىڭ يولىيۇرۇقىغا ئەمەل قىلغان بىر كىشىنىڭمۇ ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان مۇكاپاتقا نائىل بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئەمەللىرىنى يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان بولۇشى (ئىخلاس قىلىشى)، ئارقىدىن دىندىن چىقىش بىلەن

قىلغان، ئەتكەنلىرىنى بىكار قىلىۋەتمىگەن بولۇش شەرتلىرى بار. بۇ شەرتلەر، مۇكاپات ۋەدە قىلىنغان ھەر بىر ھەدىستە تىلغا ئېلىنمىغان. (چۈنكى، كىيرىكى يوقلىقى چىقىپ تۇرىدۇ ـ ت).

## تەھدىت (جازا) كۆچكە ئىگە بولىدىغان نۇقتىلار

بىرسىنىڭ بىر نەسكە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ جازانىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەر تۈرلۈك توسالغۇلار باردۇر: مەسىلەن، تەۋبە، مەغپىرەت تەلەپ قىلىش، يامانلىق ۋە گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان ياخشى ئەمەللەر، باشقا كەلگەن تۈرلۈك مۇسىبەت ۋە پالاكەتلەر، شاپائەتى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىنىڭ شاپائىتى، ھەممىدىن كاتتا مەرھەمەت ساھىبى الله نىڭ مەرھەمتى... قاتارلىقلار بۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. بىر كىشىدە بۇ سەۋەب ۋە توسالغۇلارنىڭ ھېچبىرى تېپىلمىغاندا (بۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئوچۇقتىن ئوچۇق ئىسيان قىلغان ۋە تەلۋىلەشكەن بىرسىدە تېپىلىشى مۇمكىن) بۇ كىشى جازا دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شۇ ئىشنى قىلىش، مۇنۇ ئازابنى تەقەززا قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدىن يەنە ئۇ ئىشنى قىلىشنىڭ رەزىللىك ۋە ھارام ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما، بۇ ئىشنى سادىر قىلغان ھەممە كىشى مۇناسىۋەتلىك ئازابنى چېكىدۇ، دەپ ھۆكۈم بېرىش قەتئىي خاتادۇر. چۈنكى، (يۇقىرىدا زىكىر قىلغىنىمىز بويىچە) ئازابنى تارتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان

سەۋەبلەرنىڭ تېپىلىشى، كەچۈرۈمگە ئېلىپ بارىدىغان توسالغۇلارنىڭ يوق بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

بۇنى بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھلىغاندا، بىر ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغان كىشىلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

**1** ـ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن جايىز، دەپ قارالغان تەرك قىلىش (ئەمەل قىلماسلىق): ھەدىستىن خەۋىرى يوق بولۇپ، بۇ ھەقتە پەتىۋا ياكى ھۆكۈمگە ئېتىياجى بولغان، بۇنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلمىغان كىشىنىڭ تەرك قىلىشى. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەھۋاللارنى توغرا يولدىكى خەلىپىلەردىن ياكى باشقىلاردىن بولسۇن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈردۇق. بۇنداق ھالەتتىكى بىرسىگە تەرك قىلىش ئاجىزلىقى سەۋەبلىك بىر جازاغا دۇچار بولمايدىغانلىقىدىن ھېچقانداق مۇسۇلمان شۇبھىلەنمەيدۇ.

**2** ـ جايىز بولمىغان تەرك قىلىش. بۇ تۈردىكى تەرك قىلىشنىڭ مەزھەب ئىماملىرى ۋە مۇجتەھىدلەردە يۈز بەرمىگەنلىكى پات ـ پات تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما بىر قىسىم ئالىملارنىڭ تۆۋەندىكى شەكىللەر بويىچە مەيدانغا كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدۇ:

ئا) ئىجتىھاد قىلىپ سۆزلەيدۇ، ئەمما مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئاجىزلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن پەتىۋانىڭ بارلىق شەرتلىرى ھازىرلانماستىنلا سۆزلەپ قويىدۇ.

ب) ئىجتىھاد ۋە دەلىلگە تايانغان ھالدا قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئادىتى ياكى باشقا بىر

مەقسىتى سەۋەبلىك مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، سۆزى بىلەن قارىمۇقارشى بىر ھادىسىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلمىغان بولىدۇ.

مۇجتەھىدنىڭ ئىجتىھاد قىلغاندا، تەتقىق قىلغاندا سەرپ قىلىدىغان كۈچى ۋە قۇدرىتىنىڭ مىقدارى ھەر دائىم مۇئەييەن دەرىجىدە بولمايدۇ.

مانا بۇ سەۋەبلىك ئۆلىمالار ھەل قىلىشقا ئورۇنغان مەسىلىدە ئېتىبارلىق ئىجتىھاد قىلالماي قېلىش ئەندىشىسى ئىچىدە قالىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاجىزلىقلارنىڭ گۇناھلىرى بار، ئەمما گۇناھقا ئائىت جازانىڭ گۇناھكارغا يۈرگۈزۈلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەۋبە قىلمىغان بولۇشى لازىم. بەزىدە بۇ گۇناھنى ئىستىغفار، ياخشىلىق، مۇسىبەت، شاپائەت ۋە رەھمەت ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.

بۇ خىل كەچۈرۈم ۋە رەھمەتتىن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئىنسان پايدىلىنالمايدۇ:

ئا) ھاۋايى ھەۋىسىگە ئەگىشىپ، ھەقسىز ۋە باتىل ئىكەنلىكىنى بىلگەن نەرسىسىنى ھىمايە قىلغان كىشى.

ب) بىر سۆز ۋە قاراشنىڭ مۇسىبەت ياكى مەنپى دەلىللىرىنى بىلمەستىن ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكى توغرىسىدا كەسكىن ھۆكۈم چىقارغان كىشى.

مانا بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشى جەھەننەمدە قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قازىلار (ھاكىملار)

ئۈچ تۈرلۈكتۇر. بۇلارنىڭ ئىككىسى جەھەننەمگە، بىرسى جەننەتكە كىرىدۇ. جەننەتكە كىرىدىغىنى ھەقىقەتنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ ھۆكۈم قىلغان كىشىدۇر. جەھەننەمگە كىرىدىغان ئىككىسى بولسا، بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلغان كىشى بىلەن ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى ھۆكۈم چىقارغان كىشىدۇر.»①

مۇپتىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەمما مۇئەييەن بىر كىشىگە قارىتىشنىڭمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىمىزغا ئوخشاش شەرتلىرى باردۇر.

يەنە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قۇسۇرلار ۋە خاتالىقلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەشھۇر ئىماملارنىڭ بەزىلىرىدە كۆرۈلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغان تەقدىردىمۇ (گەرچە بۇ ئىشلار ئۇلاردىن يىراق ۋە رىئاللىققا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ) پۈتۈن ئۈممەتنىڭ سۆيگۈسىنى قولغا كەلتۈرگەن بۇ كاتتا زاتلارنىڭمۇ تايانغان سەۋەبلىرى باردۇر. بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر قانچە خاتالىق ئۇلارنى ئىماملىق ئورنىدىن چۈشۈرىۋەتمەيدۇ؛ بۇنداق دېگەنلىك، ئۇلارنى خاتالىق سادىر قىلمايدۇ، گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ، دەپ قارىغانلىقىمىز ئەمەس، ئۇلارمۇ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىلەرگە ئۆرلىگەنلىكلىرىنى قۇتلۇقلايمىز. چۈنكى، ئاللاھ

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قازىلار ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى جەننەتكە، ئىككىسى جەھەننەمگە كىرىدۇ. جەننەتكە كىرىدىغىنى ھەقىقەتنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ ھۆكۈم قىلغان كىشىدۇر. يەنە بىرى ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ، ھۆكۈمدە زۇلۇم قىلغان كىشىدۇر، ئۇ جەھەننەمگە كىرىدۇ. يەنە بىرى بىر نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ، ھۆكۈم چىقارغان كىشىدۇر، ئۇمۇ جەھەننەمگە كىرىدۇ.» بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ’’داۋالار‘‘ بابىدا، ئىبنى ماجە ’’ھۆكۈملەر بابىدا‘‘ بۇرەيدەدىن رىۋايەت قىلغان.

تائالا ئۇلارغا باشقىلارغا نىسبەتەن قىلمىغان ياخشى ئىش ۋە ئىبادەتلەرنى نىسبەت قىلىپ بەرگەن. ئۇلار يەنە ھېچقانداق گۇناھ ياكى خاتالىقتا تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرىۋالمىغان. نىھايەت، بۇ ئىمامىلار ساھابىلەردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرمايدۇ. ھالبۇكى، ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) تەرىپىدىن بېرىلگەن پەتىۋالار، ھۆكۈملەر، ئارىلىرىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەر توغرىسىدا دەيدىغانلىرىمىزمۇ ئوخشاشتۇر.

**3** ـ بىز بىر تەرەپتىن قەستەن بولمىغان ۋە بىر دەلىلگە تايانغان ھالدا مۇئەييەن بىر ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغان مۇجتەھىد ۋە ئىمامنىڭ ئۆزرىسىنىڭ بارلىقى، ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن بىرگە، باشقا تەرەپتىن سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە بۇلارغا قارشى كېلىدىغان باشقا ھەدىس ۋە ئايەتلەرنى كۆرمىگەن ئەھۋالدا ئۇلارغا ئەمەل قىلىمىز. بىرىنچى ئېتىقادىمىز بىزنى بۇ ئەمەلدىن يىراقلاشتۇرىۋېتەلمەيدۇ. ھەتتا بۇ ھەدىسلەرگە پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئەمەل قىلىشىنىڭ پەرز بولغانلىقىغا، بۇلارنى ئۈممەتكە يەتكۈزۈشنىڭمۇ ئوخشاش دەرىجىدىكى ۋەزىپە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىزمۇ ۋاجىبتۇر. بۇ مەسىلىلەردە ئالىملار ئارىسىدا قاراش بىرلىكى مەۋجۇتتۇر.

## بۇ تۆردىكى ھەدىسلەرنىڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلىشى

**1** ـ دالالەت قىلىش نۇقتىسى رىۋايەت ۋە نەس جەھەتتىن كەسكىن بولغان ھەدىس. بۇ، پەيغەمبەر

ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزلىگەنلىكىدىن ۋە مۇئەييەن مەنانى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن بىز شەكلەنمىگەن، قەتئىي شەكىلدە بىلگەن ھەدىسلەردۇر.

**2** ـ دالالەت قىلىش نۇقتىسى ئېنىق، ئەمما كەسكىن بولمىغان ھەدىس.

بىرىنچى تۈرگە كىرگەن ھەدىسلەرنىڭ ئىلىم ۋە ئەمەل مەسىلىلىرىدە قەتئىي قارارلىق ئىكەنلىكلىرى مەسىلىسىدە پرىنسىپ جەھەتتىن بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن. ئەمما بەزى خەۋەر ۋە ھەدىسلەر ئۈستىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە تالاش ـ تارتىش قىلىشقان بولۇشلىرى مۇمكىن:

ئا) مۇئەييەن بىر ھەدىسنىڭ رىۋايەت مەنبەسى قەتئىي ئېنىقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟

ب) مۇئەييەن بىر ھەدىسنىڭ دالالەت قىلىش نۇقتىسى قەتئىي ئېنىقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟

## خەبەرى ۋاھىد ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمى

خەبەر ۋاھىدقا ئەمەل قىلىش: مىسال قىلىپ خەبەرى ۋاھىد (بىر ـ ئىككى كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس) ئالايلى: ئۇممەت قوبۇل قىلغان، تەستىقلاپ كەلگەن ۋە ياكى ئەمەل قىلىش خۇسۇسىدا بىرلىككە كەلگەن بىر خەبەرى ۋاھىد بارلىق فىقھىي ئۆلىمالىرى ۋە كالامچىلارنىڭ قارىشىچە ”ئىلىم“ نى ئىپادىلەيدۇ، بەرگەن مەلۇماتى قەتئىي

رەۋىشــتە قوبــۇل قىلىــنىدۇ. ئــەمما بــەزى كــالامچىلارنىڭ قارىشىچە بولسا ’’ئىلىم‘‘ نى ئىپادىلىمەيدۇ.

بىــر- بىــرىنى كۆچلــەندۈرۈپ بىــر قانچــە تەرەپــتىن ۋە مۇئەييــەن كىشــىلەر تەرىپــىدىن رىۋايــەت قىلىنغــان خــەۋەرمۇ مۇشــۇنىڭغا ئوخشــايدۇ. بــۇ خــەۋەرنىڭ رىۋايــەت قىلىــنىش يوللىــرىنى بىلگــەن، رىۋايــەت قىلغۇچىلارنىــڭ ئــەھۋاللىرىدىن خــەۋەردار ۋە خەۋەرگــە يانداش كەلگــەن بىــر قاتــار ئىشــارە ۋە ئالامەتلــەردىن پــايدىلانغان بىــر كىشــى ئۈچــۈن بــۇ خــەۋەر كەسكىن ئىلىمنى ئىپادىلىسە، بۇ مەسىلىلەرنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قارىشى بويىچە كەسكىن ئىلىمنى ئىپادىلىمەيدۇ. مانــــا بــــۇ ســــەۋەبلەر تۈپــــەيلى، هــــەدىس ئىلمىنىــــڭ مۇتەخەسسىســلىرى ۋە چوڭقــۇر بىلىمگــە ئىگــە ئــالىملارنىڭ قارىشــىدا كەســكىن ئىلىــم ئىپادىلەيدىغان بــەزى هەدىســلەر، باشقا بىــر قىســىم ئۆلىمــالارنىڭ قارىشــىچە كەســكىن ئىلىمــنى ئىپادىلەش ئۇياقتــا تۇرســۇن، ســەھىھ ئەمــەس، دەپىمۇ گــۇمان قىلىنغان.

هەدىسنىڭ كەسكىن ئىلىمنى ئىپادىلىشىنىڭ تۆۋەندىكىچە تۇرلۇك سەۋەبلىرى بار:

ئا) رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆپ ساندا بولۇشى.

ب) رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرى.

س) رىۋايەت قىلىش شەكلى.

د) رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ قىلغان رىۋايىتىنى چۈشىنىشى.

ئ) رىۋايەت قىلىنغان مەسىلىنىڭ ماهىيىتى ۋە ئەهۋالى.

بەزىدە بىر قانچە كىشىنىڭ قىلغان رىۋايىتى بۇلارنىڭ دىيانەتلىك ۋە ئەستە تۇتۇش مەسىلىلىرىدە خاتا ۋە يالغانغا ئورۇن بەرمىگىدەك دەرىجىدە يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇشلىرى ئارقىسىدا كەسكىن ئىلىم ئىپادىلىسە، بەزىدە بۇلارنىڭ سانىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق كىشىنىڭ قىلغان رىۋايىتى كەسكىن ئىلىم ئىپادىلىمەيدۇ. دەرۋەقە بۇ شەكسىز ھەقىقەتتۇر؛ فىقھىي ئۆلىمالىرى، ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋە كالامچىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ بۇ قاراشنى ياقىلايدۇ. ئەمما بەزى فىقھىي ۋە كالامچى ئۆلىمالار مۇنۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: ھەر قانداق بىر مەسىلىدە بەرگەن خەۋەرلىرى قەتئىيلىكنى ئىپادىلىگەن كىشىلەرنىڭ سانى ئوخشاش بىر سان بىلەن بېرىلگەن، بۇ ساندىكى كىشىلەر رىۋايەت قىلغان خەۋەر قەتئىيلىكنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ قاراش (مۇئەييەن بىر ساننى قەتئىي ئىلىمنى ئىپادىلەشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش ھەققىدىكى قاراش) قەتئىي خاتا بولۇپ، ئۇنى بۇ يەردە ئەتراپلىق شەكىلدە تارتىشىش بىزنىڭ بۇ يەردىكى تېمىمىز ئەمەس. يەنە، خەۋەر بەرگەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان تەقدىردە بېرىلگەن خەۋەرنىڭ بىزدە ھاسىل بۇلىدىغان مەلۇمات دەرىجىسىگە تەسىر قىلىدىغان باشقا ئىشارىلەرنىمۇ بۇ يەردە تىلغا ئالمىدۇق. چۈنكى، بۇ ئىشارىلەر ھەدىس تېمىسى بولغان خەۋەردىن مۇستەقىل ۋە ئۆز ئالدىغا تۇرغان چېغىدا بەزىدە تولۇق مەلۇمات ۋە قەتئىي ئىشەنچ بېرىدۇ. ئۆز ئالدىغا تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان بۇ خىلدىكى ئىشارىلەر خەۋەرگە ئەگەشمە

قىلىنمىغـان؛ خـەۋەرمۇ ئۆلارغـا ئەگەشـمە قىلىنمىغـان. بـۇلار ئـايرىم ـ ئـايرىم ھـالدا بـەزىدە كەسـكىن ئىلمىگـە، بـەزىدە گـۇمانغا ئىلىپ بارىدىغـان ۋاسـىتە بولـىدۇ. ھـەر ئىككىلىسـى كەسـكىن مـەلۇماتنى تەقـەززا قىلىـدۇ يـاكى بىـرى كەسـكىن مەلۇماتقا، ئىككىنچىسى گۇمانغا ئىلىپ بارىدۇ، شەكلىدە بىر يەرگـە كەلگىنىدە، خەۋەرلـەر ھـەققىدە تىپخىمۇ كـەڭ مـەلۇماتقا ئىگە بولغان بىر كىشى توغرا، دەپ قوبۇل قىلغان خەۋەرلەرنى، ئۇنىـڭ سەۋىيىسـىدە بولمىغـان بىرسـى توغـرا، دەپ قوبـۇل قىلمىغان بولىدۇ.

بەزىدە خەۋەرنىڭ دالالەت ۋە ئىپادىسىنىڭ كەسكىن ياكى ئەمەسـلىكى توغرىسـىدا قـاراش ئوخشماسـلىقى ئوتتۇرىغـا چىقىـدۇ. بۇنىـڭ سـەۋەبى مـەزكۇر ھەدىسـىنىڭ نەسـمۇ يـاكى زاھىرمۇ (ئاشكارىمۇ)؟ زاھىر بولسا، ئىككىنچى دەرىجىدىكى ئىھتىمـاللىقلارنى ئەمـەلدىن قالدۇرىدىغـان ئىشارە، ئالامەتلـەر بـارمۇ يـاكى يوقمۇ؟ دىگەنگـە ئوخشـىغان قاراش ۋە چۈشـەنچە ئوخشماسلىقلىرىدىن ئىبارەت. بۇمۇ يىتەرلىك دەرىجىدە كەڭ بىــر تىمــا. بــۇ ســەۋەبلىك بــەزى ئۆلىمــالار بىــر قىســىم ھەدىسـلەرنىڭ دالالـەت ۋە ئىپـادىلىرى كەسـكىن، دىگـەننى ئىلگــىرى سۈرســە، بــەزىلىرى ئەكســىنى داۋا قىلىشــلىرى مۇمكىن. ئىپادە ۋە دالالىتى كەسكىن، دىگەنلەر يا ھەدىسىنىڭ (ئۆزلىرى ئىلگىرى سۈرگـەن) مەنىگـە كىلىدىغانلىقىنى يـاكى ھەدىسـىنىڭ باشـقا بىـر مـەنا ئىپـادىلەش مۇمكىنچىلىكىنىـڭ يوقلىقىــنى ۋە يــاكى شــۇنىڭغا ئوخشــىغان خۇسۇســلارنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق ھەرىكەت قىلغان.

ئىپادە ۋە قاراتمىلىق نۇقتىسى ئىنىق، ئەمما قەتئىي بولمىغان ھەدىسلەرگە كەلگەندە، شەرئىي ھۆكۈم ۋە ئەمەللەردە بۇلارنىڭمۇ مەنبە بولالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېتىبارلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقلىرى بار. ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر جازا ھەققىدە خەۋەر بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئىلمىي (ئىلىم ۋە ئېتىقاد ئىپادىلەيدىغان) مەسىلىلەر كەلگەندە، بۇ خۇسۇستا كۆز قاراش ئوخشىماسلىقلىرى مەۋجۇت:

1 ـ فىقھىي ئالىملارنىڭ بەزىلىرى مۇنۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: رىۋايەت قىلغۇچىسى بىر، ئەمما ئادىل بولغان خەۋەرنىڭ بىر جازا (دۇنيا ياكى ئاخىرەتكە ئائىت شەرئىي ۋە ئىلاھىي جازا)نى ئىپادىلىسە، بۇ خەۋەر ئارقىلىق ھەدىسنىڭ تېمىسى بولغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھارام بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ (ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ھەدىس تەتبىقلىنىدۇ ۋە مەنبە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ). ئەمما ئېتىقاد ۋە ئىلىم نۇقتىسىدىن قەتئىي بولمىغان تەقدىردە تايانچ ۋە مەنبە بولالمايدۇ. تايانچ ئېنىق (ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت ئىكەنلىكى ئېنىق) بولۇش بىلەن بىرگە ئىپادە كەسكىن بولمىسا، ئەھۋال يەنە ئوخشاش بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەبۇ ئىسھاق ئەسسۇبەيئىنىڭ ئايالىغا ئېيتقان «زەيدكە ئېيتىڭ، تەۋبە قىلمىغان تەقدىردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە قىلغان جىھادىنى بىكار قىلىۋەتكەن بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى مۇنۇ شەكىلدە ئىزاھلاشقان[1].

---

[1] يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن ۋە ئۇممۇ مۇھەببە چىقىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇزۇرىغا كىردۇق ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردۇق. ئۇ: سىلەر كىم؟ ـ دەپ سورىدى. بىز: كۇفە ئەھلىدىن، ـ دەپ

«ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى بىلگەنلىكى ئۈچۈن جازانى تىلغا ئالىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ خەۋىرىنى بىر ئىشنى ھارام قىلىش مەسىلىسىدە تەتبىقلايمىز.

ئەمما بۇ جازا ۋە تەھدىتنىڭ (زەيد ئۈچۈن) ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىغا قايىل ئەمەسمىز. چۈنكى، ھەدىس بىزگە كۆرە يالغۇز بىر رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ رىۋايىتى بىلەن سابىتتۇر.»

بۇلارنىڭ تايانغان دەلىلى جازا ئىلىم ۋە ئېتىقاد دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇلار بولسا، پەقەت ئىلىمنى ئىپادىلەيدىغان يول ۋە ۋاستىلار ئارقىلىق تۇراقلىششى مۇمكىن. يەنە ئوخشاش

---

جاۋاب بەردۇق. ئۇ بىزگە سوغۇق قارىغاندەك قىلدى. ئۇممۇ مۇھەببە ئۇنىڭغا: ئىي مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى، مېنىڭ بىر چۆرەم بار ئىدى، ئۇنى زەيد ئىبنى ئەرقەم ئەلئەنسارىيغا تاپقاندا بېرىدىغانغا سەككىز يۈز دەرھەمگە ساتقان ئىدىم. ئۇ سېتىشنى پىلانلىغان ئىدى، ئۇنى ئالتە يۈز دەرھەم نەق پۇلغا سېتىۋالدىم،ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: سېتىۋالغان نەرسەڭ نېمە دېگەن يامان، سېتىۋالغان نەرسەڭ نېمە دېگەن يامان، زەيدكە ئېيتىڭ، تەۋبە قىلمىغان تەقدىردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە قىلغان جىھادىنى بىكار قىلىۋەتكەن بولىدۇ،ـ دېدى» دېيىلگەن. يۇقىرىقى ھەدىسنى دار قۇتنىي يۇنۇستىن، ئۇ ئانىسى بىنت ئەنفەئدىن رىۋايەت قىلغان ۋە دار قۇتنىي يۇقىرىدىكى رىۋايەتچىلەر ئارقىلىق بۇ ھەدىسنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. دار قۇتنىي ئۆزىنىڭ "بىرلىككە كەلگەن ۋە ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر" ناملىق كىتابىنى بۇ ھەدىسنى ئۇممۇ مۇھەببەنىڭ رىۋايىتى، دەپ تىلغا ئالغان. بۇ ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان، ئۇنىڭ ھەدىسنى ئەبۇ ئىسھاق ئەسسۇبەيئىي ئايالى ئالىيەدىن رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنى يەنە يۇنۇس ئىبنى ئىسھاق ئۇممۇل ئالىيە بىنت ئەنفەئ، ئۇ ئۇممۇ مۇھەببەدىن، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.

ئۇممۇ مۇھەببە ۋە ئالىيە ئېنىقسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ دەلىلى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنى يەنە ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا زىكىر قىلغان ۋە مەنبەسى ياخشى، دېگەن.

بۇنىڭغا قارىتا ئىبنى جەۋزى: ئالىيەنىڭ سالاھىيىتى ئېنىقسىز، سۆزى پاكىت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېيىشىدۇ، بىز ئۇنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۇنى ئىبنى سەئىد «تەبىقىلەر» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ئالىيە بىنت ئەنفەئ ئىبنى شەراھىيل ئەبۇ ئىسھاق ئەسسۇبەيئىينىڭ ئايالى بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ۋاقتتا ھەر قانداق بىر ھەرىكەت ئىجتىھاد دائىرىسىگە كىرسە، ئۇنى ئېلىپ بارغان كىشىگە جازا بېرىلمەيدۇ (ئىجتىھادىدا خاتالاشقان كىشىمۇ بىر ساۋاپقا ئىگە بولىدۇ).

مانا بۇلارنىڭ قاراشلىرىغا كۆرە تەھدىت ھەدىسلىرى بىلەن پەقەت ئۇ ئىشلارنىڭ ھارام بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، يەنە دالالەت ۋە ئىپادىسى كەسكىن بولمىغان تەقدىردە تەھدىتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىمۇ كەسكىن بولمايدۇ. بۇنىڭ مىسالى: ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن كۆپەيتىلگەن قۇرئانلاردا يوق بولسىمۇ، بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ بەزى ساھابىلەردىن سەھىھ شەكىلدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن قىرائەتلەرگە ئەمەل قىلىشى ۋە بۇلارنى دەلىل سۈپىتىدە ئىلگىرى سۈرۈشلىرىدۇر. بۇ قىرائەتلەر ئىلمىي ۋە ئەمەلىيدىن ئىبارەت ئىككى يۆنۈلۈشى بار. نەقىل كەلتۈرۈش يولىدا سەھىھ بولغىنى خەبەرى ۋاھىدتۇر (بىر كىشىنىڭ رىۋايىتىدۇر). بۇ قىرائەتلەرگە ئەمەل قىلىش (يەنى ئۇلارنى ئوقۇش) مەسىلىسىدە مەزكۇر خەۋەرلەرگە ئاساسەن ئەمەل قىلغان، ئەمما قۇرئان كەرىمگە كىرگۈزۈشمىگەن. چۈنكى، بۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىن بولۇشى كەسكىنلىكنى شەرت قىلغان مەلۇماتلارنى تەقەززا قىلىدىغان بىر ئىلمىي مەسىلىدۇر.

**2** ـ فىقھىي ئۆلىمالارنىڭ كۆپچىلىكى (سەلەپلەرمۇ ئوخشاش قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان) مۇنۇ قاراشتا: بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەدىسلەر ئىپادىلىگەن تەھدىت تېمىلىرىمۇ دەلىل ۋە مەنبە بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن تابىئىنلار بۇ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، داۋاملىق ھالدا

ئوخشاش تۈردىكى ھەدىسلەردە ئىپادىلەنگەن تەھدىتلەرنىڭمۇ تۈراقلىق ئىكەنلىكى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشىنى قوبۇل قىلىشقان، ھەدىستە زىكىر قىلىنغان ئىشنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ مەزكۇر جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئومۇمىي شەكىلدە بايان قىلىشقان. بۇ مەسىلە ئۆلىمالارنىڭ ھەدىس ۋە پەتىۋالىرىدا كەڭ ئورۇن ئىگەللىگەن. بۇلار تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن دەلىللەرگە كەلسەك:

تەھدىتمۇ شەرئىي ھۆكۈم ۋە قائىدىلەرنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەزكۇر شەرئىي ھۆكۈملەر بولسا بەزىدە كەسكىن، بەزىدە زاھىر (بۇ يەردە زاھىر سۆزى كەسكىنگە قارشى شەكىلدە قوللىنىلىدۇ) دەلىللەر ئارقىلىق مۇقىملىشىدۇ ۋە بىلىنىدۇ. چۈنكى، زىكىر قىلىنىۋاتقان تەھدىت (جازا)نىڭ سادىر قىلغان ھەر قانداق كىشىگە قەتئىي رەۋىشتە يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىغا شۈبھىسىز ھالدا ئىشىنىش ئەمەس، مەيلى كەسكىن، مەيلى گۇمان غالىپ كەلگەن دەرىجىدىسىدىكى بىر ئېتىقادنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتۇر. ئەمەلىي ھۆكۈملەردىمۇ ئەھۋال ئوخشاشتۇر. بىر كىشىنىڭ مۇئەييەن بىر ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ چەكلىگەنلىكىگە ۋە ئۇنى سادىر قىلغانلارنىڭ ئومۇمىي مەنادا، تولۇق ئىزاھلانمىغان بىر جازا بىلەن تەھدىت قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىشى بىلەن، مەزكۇر ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلغانلىقى ۋە ئۇنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ مۇئەييەن ۋە ئېنىق بىر ئازاب بىلەن جازالىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. بۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان بىر خەۋەر بولۇش نۇقتىسىدا بىرلىشىدۇ. ھەر قانداق بىر دەلىل

بىلەن ئاللاھ تائالادىن مەيلى بىرىنچى، مەيلى ئىككىنچى تۈردىن بولسۇن خەۋەرلەر نەقىل كەلتۈرۈلىشى مۇمكىن. ھەتتا بىرسى چىقىپ، بۇ تۈردىكى خەۋەرلەرگە ئاساسەن تەھدىت خۇسۇسىدا ئەمەل قىلىنسا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۈچلۈك بىر ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ، دېسە، ھەقىقەتكە مۇۋاپىق سۆز قىلغان بولىدۇ. ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى قىزىقتۇرۇش ياكى چەكلەش مەزمۇنىدىكى ھەدىسلەرگە، ھۆكۈم ۋە مۇئامىلىگە دائىر ھەدىسلەرگە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلمەيتتى. چۈنكى، تەھدىت ۋە جازا (تەھدىت) خەۋەرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، كىشىلەرنىڭ بەزى ئىشلارنى تەرك قىلىشىغا ئېلىپ باراتتى. ئەگەر بۇ جازا ھەقىقي بولسا، ئىنسان قۇتۇلغان بولىدۇ، ئەمما ئەينەن شۇنداق بولماي، بىر ئاز يەڭگىل بولسا، بۇ جازانىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان خاتالىق، بۇ سەۋەبلىك يامان ئىشنى تەرك قىلغان كىشىگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى، ئوخشاش كىشىنىڭ مەزكۇر جازانىڭ تېخىمۇ يەڭگىل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى ۋە ياكى پەقەت ئىشەنمەسلىكى ئارقىسىدىمۇ خاتالىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. بۇ ئىككىنچى خاتالىق بولسا ئىشەنگەن كىشىنىڭ قارىشىدىكى چەكلەنگەن پېئىلنىڭ كىچىكلىتىلىشى ئۈنىڭ بۇ ئىشنى سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، خۇسۇسەن ـ ئەگەر جازا ئۈنىڭ ئېتىقادىدىكىدىن تېخىمۇ ئارتۇق بولسا ـ ئۈنىڭغا دۇچ كېلىدۇ ۋە ياكى ئۇ جازانى چېكىشكە ھەقلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن جازانىڭ بارلىقى ياكى يوقلىقى مەسىلىسىدىكى خاتالىق ئوخشاشتۇر، ھالبۇكى، جازانىڭ ۋە تەھدىتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن تەقدىردە قۇتۇلۇش

تېخىمۇ قولاي بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىشىنىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مانا بۇ خىل دەلىللەرگە تايانغان ھالدا ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى ھارام قىلغان ۋە چەكلىگەن دەلىلنى، مۇباھ قىلغان دەلىلدىن يۇقىرى ئورۇنىدا قويغان. يەنە مۇشۇ دەلىلگە ئاساسەن كۆپ ساندىكى فىقھىي ئۆلىمالىرى نۇرغۇن ھۆكۈملەردە ئېھتىيات يولىنى تۇتقان. ئىش ـ ھەرىكەتتە ئېھتىيات قىلىش بارلىق ئەقىل ئىگىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان مەسىلە. بىر كىشىنىڭ جازانى ئىنكار قىلىش خۇسۇسىدا مەيدانغا كەلگەن قورقۇنچىسى بىلەن جازانىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان خاتاسىنىڭ قورقۇنچىسى ئۇچرىشىپ قالغاندا ئىشىنىشنى تەقەززا قىلغان دەلىل بىلەن ئىشەنچىدىن مەيدانغا كېلىدىغان قوتۇلۇش، زىت تەرىپى بولمىغان ئىككى ساغلام دەلىل سۈپىتىدە قېلىپ قالىدۇ.

بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «جازانىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىغا دائىر كەسكىن دەلىلنىڭ بولماسلىقى، جازانىڭ يوقلىقىنىڭ دەلىلى؛ گويا بەزى ئارتۇق قىرائەتلەر توغرىسىدا زەنجىرسىمان شەكىلدىكى خەۋەرنىڭ بولماسلىقىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ» دېسە، خاتا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، دەلىلنىڭ بولماسلىقى دەلىل ئارقىلىق ئىسپاتلانماقچى بولغان نەرسىنىڭمۇ تېپىلمىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ھەر بىر كىشى ئىلمىي مەسىلىلەرنىڭ بىرىنى كەسكىن دەلىلى يوق، دەپلا ئىنكار قىلسا (بۇ بىر قىسىم كالامچىلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر) ئوپئوچۇق خاتالاشقان بولىدۇ. ئەمما شۇنداق بىر نۇقتا باركى،

بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇتلىقى، ئۇنىڭ دەلىلىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇشىنى تەقەززا قىلغىنىدا ۋە بىزمۇ ئۇنىڭ دەلىلىنى بىلگىنىمىزدە ئۇ تەقەززا قىلغان نەرسىنىڭمۇ يوقلىقىنى بىلىمىز. چۈنكى، زۆرۈر بولغان نەرسىنىڭ يوقلىقى زۆرۈرلۈكىنى تەقەززا قىلغان نەرسىنىڭمۇ يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز شۇنى بىلىمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە دىنىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ ۋە كۈچلۈكتۇر. ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن دەلىل ۋە ھۆججەت بولىدىغان نۇقتىلارنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۆلىمالار ئۈچۈن جايىز ئەمەس. بۇ سەۋەب بىلەن بىزگە زەنجىرسىمان يوللار ئارقىلىق ئالتىنچى ۋاقىت ناماز ۋە ياكى باشقا بىر سۈرە نەقىل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئەسلىدە مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە (يەنى ئالتىنچى ۋاقىت نامازنىڭ، **114** سۈرىدىن باشقا سۈرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە) قەتئىي ئىشەندۇق ۋە ئۇنى شۇنداق، دەپ بىلدۇق. ئەمما تەھدىت تېمىسى بۇ دائىرىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، ھەر بىر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەھدىتنىڭ زەنجىرسىمان شەكىلدە نەقىل قىلىنىشى زۆرۈر ئەمەس. يەنە بۇ زۆرۈرىيەت بىۋاستە ئۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ كېرەك ئەمەس. نەتىجە سۈپىتىدە شۇ نەرسە مۇقىملىشىدۇكى تەھدىت (جازا) ئوقۇمىدىكى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغاندەك، ئۇ ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ تەھدىت ۋە جازاغا دۇچ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش لازىم. ئەمما بۇ جازانىڭ مۇئەييەن بىر كىشىگە قارىتىلىشىنىڭ شەرتلىرى ۋە جازانىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئامىللارنىڭ بارلىقىمۇ ئايرىم بىر مەسىلە.

بۇ قائىدە مىساللار ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئايدىڭلىشىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ جازانە يىگەن ۋە يىگۈزگەنگە، شاھىدلىرىغا ۋە يازغۇچىسىغا لەنەت قىلسۇن» دېگەنلىكى سەھىھ شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان.

ئوخشىمىغان رىۋايەتلەردە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنۇ ھەدىسلەرمۇ رىۋايەت قىلىنغان:

نەق بولغان تەقدىردە ئىككى كەمچەكنى بىر كەمچەككە ساتقان كىشىگە قارىتىپ مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ جازانىنىڭ دەل ئۆزىدۇر»

«بۇغداي بىلەن بۇغداينى... سېتىش نەق ۋە ئوخشاش بولمىغان تەقدىردە جازانىدۇر»[1].

بۇ ھەدىسلەر ئۆسۈمنىڭ بارلىق تۈرلىرىنىڭ (مەيلى فەزل جازانىسى بولسۇن، مەيلى نىسى جازانە بولسۇن[2]) جازانە ۋە ئۆسۈم مۇئامىلىسى سانىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جازانە پەقەت نىسى بولىدۇ»[3] دېگەن ھەدىسىدىن خەۋەردار بولغان

[1] بۇ ھەدىسنى بۇخارى "ئېلىم ـ سېتىم بابىدا" رىۋايەت قىلغان. مۇسلىم "بازار بابىدا"، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، نەسەئىي، ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

[2] فەزل جازانىسى: ئوخشاش تۈردىكى نەرسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ۋە نەق سېتىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. نىسى جازانە بولسا، ئوتتۇرىسىدا تۆر، ئۆلچەم ياكى سان قاتارلىقلاردا ئوخشاشلىقتا ئىگە ئىككى نەرسىنى ئالماشتۇرۇش ئەسناسىدا كۆرسەتمەسلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىككى نەرسىنىڭ ئوخشاش ياكى پەرقلىق بولۇشى نەتىجىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ـ تەرجىمان.

[3] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، نەسەئىيلار رىۋايەت قىلغان. مۇسلىممۇ "بازار بابىدا" رىۋايەت قىلغان «نىسى قىلىنغىنىمۇ بىرگە ئىككىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ـ تجازانىدۇر، ئۇنى قايتۇرىۋېتىڭلار».

بەزى زاتلار نەق قىلىپ ئىككى ئۆلچەكنى بىر ئۆلچەككە سېتىشنى جازانە ئەمەس، دەپ قارىغان. بۇلار ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئۇنىڭ تەگتۈشلىرىدىن ئەبۇششەئسائ، ئەتائ، تاۋۇس، سەئىيد ئىبنى جۇبەير، ئىكرەمە ۋە بۇلاردىن باشقا مەككىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرى بولۇپ، ئىلىم ۋە ئەمەل نۇقتىسىدىن ئىپتقاندا ئۇممەتنىڭ تاللانغان كىشىلىرى ئىدى. ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ بۇلار ئۈچۈن ياكى بۇلارنى قوبۇل قىلىپ، تەقلىد قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ جازانە يېگەنلەرگە قىلغان لەنىتىنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى ھالال ۋە جايىز بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى دائىرىسىدىكى بىر چۈشەنچە ئاساسىدا بۇ نەتىجىگە ئېرىشكەن.

ئوخشاش شەكىلدە بەزى مەدىنىلىك ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالاردىن ئايالاغا ئارقا تەرىپىدىن يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ جايىزلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار. ھالبۇكى، ئەبۇ داۋۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىر ئايالغا ئارقا تەرىپىدىن يېقىنچىلىق قىلسا مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان نەرسىنى (شەرىئەتنى ـ ت) قىلغان بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ: «ھاراقنى سىقىپ چىقارغان، سىقتۇرغان، ھاراق

بولغاندىن كېيىن ئىچكەن...»[1] قاتارلىق ئون تۈرلۈك كىشىگە لەنەت ئوقۇغانلىقى سەھىھ شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان.

يەنە باشقا يوللار ۋە رىۋايەت قىلغۇچىلار ئارقىلىقمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەست قىلىدىغان بارلىق ئىچىملىك ھاراقتۇر»[2] دېگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىدە تۇرۇپ «ھاراق دېمەك ئەقىلنى بىھۇش قىلغان ئىچىملىكتۇر» دېگەن.

ئاللاھ تائالا ھاراقنى ھارام قىلغان ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىچىملىك مەدىنىدە ئىچىلىۋاتقان ئىچىملىكتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ زامانلاردا مەدىنىدە فادىس دېيىلىدىغان خورما ئىچىملىكىدىن باشقا ئىچىملىك يوق ئىدى. ئۈزۈم ھارىقىمۇ ئۇلاردا تېپىلمايتتى. مانا بۇنىڭغا تايانغان بەزى ئالدىنقى قاتاردىكى پەزىلەتلىك، ئىلىم ۋە ئەمەل ساھىبى كۇفە ئۆلىمالىرى «ھاراقنىڭ يالغۇز

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد "ئىچىملىكلەر" بابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ "مۇسنەد" ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبارىلىرى مۇنداق: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. يېنىمغا جىبرىئىل كېلىپ: ئي مۇھەممەد، ئاللاھ تائالا ھاراققا، ئۇنى ئىشلەپ چىقارغۇچىغا، ئىشلەتكۈزگۈچىگە، ئىچكۈچىگە، كۆتۈرگۈچىگە، كۆتۈرۈلىدىغان كىشىگە، ساتقۇچىسىغا، سېتىۋالغۇچىسىغا، قويۇپ بەرگۈچىسىگە ۋە قۇيدۇرغۇچىغا لەنەت قىلدى،- دېدى.» بۇ ھەدىسنى يەنە ئىبنى ماجە ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلغان. مۇنزەرىي: بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ئىشەنچلىك كىشىلەر، دېگەن.

[2] بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبارىلىرى مۇنداق: «بارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەر ھاراقتۇر، بارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەر ھارامدۇر.» بۇ ھەدىسنى يەنە تىرمىزىي ۋە نەسەئىي "ئىچىملىكلەر بابىدا"، مالىك "مۇۋەتتەئ" ناملىق كىتابىنىڭ "قۇربانلىق" بابىدا رىۋايەت قىلغان.

ئۆزۈمدىــن بولىدىغانلىقىغـا، خورمـا بىلــەن ئۆزۈمدىــن باشــقا نەرســـىلەردىن ئىشلەنگـــەن نـــەبىزنىڭ مەســـت قىلىدىغـــان مىقداردىــن ئـاز بولىغىنىنــىڭ هـارام ئەمەسلىكىگـە ئىشىنەتتى، هـــالال ســـانايدىغان بۇنىڭغـــا ئوخشـــاش ئىچىملىكلـــەرنى ئىچەتتى.»

بــۇ كىشـــىلەرنىڭ يۇقـــىرىدا بايـــان قىلىنغـــان ئېتىقـــاد ۋە ئەمـەللىرى خاتـا بولسـىمۇ، سـەمىمىيەت بىلـەن قىلغـان بىـر تەۋىل چۈشەنچىسى ۋە دەلىللەرگە تايانغانلىقلىرى ۋە ياكى باشقا توسالغۇلار بولغانلىقى تۈپەيلىدىن هاراق ئىچكەنلەرگە ئائىت بولغـان جـازا ۋە تەهدىتكـە هـەقلىق بولغـانلىقلىرى ئوتتۇرىغـا قويۇلمـايدۇ. بۇنــى ئوتتۇرىغـا قويۇشـقا بولمىغىنىغـا ئوخشـاش ئىچكـەن شارابلىرىنىڭ لەنـەت قىلىنغـان شارابلار دائىرىسىگـە كىرىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكـى، ئومۇمـي بىـر سۆز ۋە هـۆكۈمنىڭ ئىچىگـە ئۇنـىڭ بـارلىق بۆلـەكلىرىنىڭ كىـرىش مەسىلىسـى ئەسلى مەسىلىدۇر. بۇنىڭدىـن باشقا ئـۇ چاغلاردا مەدىنىدە ئۈزۈم هارىقىمۇ يوق ئىدى.

يەنــە پــەيغەمبەر ئەلەيهىسسـالام هـاراق سـاتقان كىشىگــە لەنــەت ئوقۇغــان. هــالبۇكى، بــەزى سـاهابىلەر (بـۇ هـۆكۈمنى بىلمەسـتىن) هـاراق سـاتقان. بـۇ خــەۋەر ئۆمــەر رەزىيــەللاهۇ ئـــەنهۇغا يېـــتىپ كەلگـــەندە ئـــۇ: ”ئـــاللاه فـــالانىنى يـــوق قىلىۋەتسۇن، ئۇنـىڭ، پـەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ئـاللاه يـەهۇدىي خەلقىگـە لەنـەت قىلـدى، (چۈنكـى) ئۇلارغـا هـايۋان

يېغى هارام قىلىنغاندا، ياغنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئىدى»[1] دېگەنلىكىدىن خەۋىرى يوقمىدۇ؟“ دېگەن.

هاراقنى ساتقان ساهابىنىڭ بۇ خىل سېتىم ئىشىنىڭ هارام ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمما بۇ بىلمەسلىك ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلارغا ئائىت جازانى، ئۇ ئىشنى تاشلاتقۇزۇش ھېكمىتىگە بىنائەن ئىزاھلىشىغا توسالغۇلۇق قىلمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هاراق ئىشلەپ چىقارغان ۋە ئىشلەپ چىقارغۇزغان كىشىلەرگە لەنەت ئوقۇغان[2]. ۋاهالەنكى نۇرغۇن فىقهىي ئۆلىمالىرى بىر كىشىنىڭ باشقا بىرىنىڭ نامىغا، هاراق ئىشلەپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۈزۈم شىرنىسى چىقىرىشىنى جايىز، دەپ قارىغان. هاراق ئۈچۈن ئۈزۈم سۈيى چىقىرىشنىڭ لەنەتلەنگەنلىكى نەس ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما بىر توسالغۇ سەۋەبلىك ئۆزرىخاھلىقى بار بىر كىشىگە هۆكۈمنىڭ (ئەمەلىيەتتە) ئورتاق بولماسلىقىمۇ مۇمكىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاتار سەھىھ ھەدىسلەردە يالغان چاچ ئۇلىغان ۋە ئۇلاتقۇزغانلارغا لەنەت قىلغان. ئەمما بەزى فىقهىي ئۆلىمالىرى بۇنى پەقەت مەكروھ، دەپ قارىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈمۈش قاچىدا بىر نەرسە

---

[1] يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ يەھۇدىيلارنى ئۈچ قېتىم لەنەت قىلدى...» دەپ كېلىدۇ. بۇ ھەدىسنى بۇخارى "پەيغەمبەرلەر" بابىدا، مۇسلىم "بازار" بابىدا، ئەبۇ داۋۇد "ئېلىم-سېتىم" بابىدا، ئىبنى ماجە ۋە دارىمىيلار "ئىچىملىكلەر" بابىدا رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد "ئىچىملىكلەر" بابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ هاراققا... ئىشلەپ چىقارغۇچىسىغا، ئىشلەپ چىقارغۇزتقۇچىسىغا لەنەت قىلدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىچكەن كىشىنىڭ قورسىقىدا جەھەننەم ئوتى لاۋۇلدايدۇ»[1] دېگەن. ھالبۇكى، بەزى فىقھىي ئۆلىمالىرى بۇنى يىراق تۇرۇش نۇقتىسىدىن يامان كۆرىدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىككى مۇسۇلمان قىلىچلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولۇپ قالغاندا ئۆلگەنمۇ، ئۆلتۈرگەنمۇ جەھەننەمدىدۇر» دېگەن ھەدىسىمۇ بۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئورۇنسىز ھالدا مۆمىنلەرنىڭ ئۇرۇشۇشلىرىنىڭ ھارام بولۇشى كېرەك. ئەمما بىز تۆگە ۋە سىففىين ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ دوزاختا قالمايدىغانلىقلىرىنى بىلىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا سادىر قىلغان ئىشىنىڭ جازاسىنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان سانسىزلىغان ياخشى ئەمەللىرى مەۋجۇتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەھىھ ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا گەپ قىلمايدىغان، قارىمايدىغان، گۇناھىدىن ئۆتمەيدىغان ۋە قاتتىق ئازابلايدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار: (بىرىنچىسى) يېنىدا ئارتۇق سۇ تۇرۇپ، مۇساپىرغا بەرمىگەن كىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ئۆز قولۇڭنىڭ مەھسۇلاتى بولمىغان مەرھەمەتكە توسالغۇ بولغىنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ بۈگۈن سەندىن مەرھەمىتىمنى يىراق تۇتىمەن ،ـ دەيدۇ. (ئىككىنچىسى) بىر رەھبەرگە (ئىمامغا) پەقەت دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئاۋاز بەرگەن (بەيئەت قىلغان) كىشى بولۇپ، رەھبەر ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرسە مەمنۇن بولىدۇ، بەرمىسە كايىيدۇ.

---

[1] بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(ئۈچىنچىسى) ئەسىر نامزىدىن كېيىن (ۋاقىت قىستاپ قالغاندا ــ دىمەكچى ــ ت) بىر مال ئۈچۈن يالغان ئېيتىپ، سورىغان باھادىن قىممەت باھا قويغان ۋە بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلغان كىشى.»[1]

بۇ ھەدىس، قولىدىكى ئارتۇق سۇنى باشقىلارغا بەرمىگەن كىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش بولسىمۇ، ھالبۇكى، بىر قىسىم ئۆلىمالار بىر كىشىنىڭ ئارتۇق سۇيىنى باشقىلارغا بەرمەسلىكنى جايىز، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ ئۆلىمالارنىڭ تەتۈر ئىجتىھادلىرىنىڭ ھەدىسنى دەلىل سۈپىتىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ ھارام بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشىمىزغا توسالغۇ بولمىغىنىدەك، بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر ھەدىسنىڭ مەۋجۇتلىقى ئىجتىھاد ۋە تەۋىلگە تايانغان ئالىمنىڭ خاتا قىلغانلىقىغا ۋە بۇ تەھدىتنىڭ ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز ئۈچۈنمۇ توسالغۇ بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن: «ئاللاھ تائالا مۇھەللىلگە ۋە مۇھەللەلگە (ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنىپ بولغان ئايالنى بىرىنچى ئەرگە ھالال قىلىش ئۈچۈن باشقا بىرىگە ئۆيلەندۈرگەن، يەنى سۈنئىي ھالدا ھالال ھالەتكە كەلتۈرگەن ئادەم ۋە بۇ ئىشنى قوبۇل قىلغان ئەرگە ــ دىمەكچى ــ ت) لەنەت قىلدى». بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) تەرىپىدىن تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستۇر. ۋاھالەنكى بەزى ئۆلىمالار شەرتسىز ھالدا،

[1] بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

بەزىلىرى بولسا، نىكاھ ئەسناسىدا شەرت ئىلاۋە قىلىنمىغان بولسا، بۇ نىكاھنى قىلغان كىشىنىڭ نىكاھى توغرا بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدە ھەممىگە مەلۇملۇق سەۋەبلىرى بار: چۈنكى، بىرىنچى خىل قاراشتا ئۇلارغا كۆرە قائىدىلەردىن قىياس ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان نەتىجە «ئىككى بەدەلنىڭ بىرىنى بىلمەسلىك بىلەن نىكاھنىڭ بوزۇلمىغىنىغا ئوخشاش ئىلگىرى سۈرۈلگەن شەرتلەر ئاستىدىمۇ نىكاھ ئىناۋەتسىز بولمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەرگە كۆرە نىكاھ ئەسناسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەر بولمىغان ئەھۋالدا نىكاھنىڭ ھۆكمى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر يۇقىرىقى ھەدىستىن خەۋەر تاپمىغان. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلىرى بۇ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ھەدىستىن خەۋەر تاپقان بولسا ئۇ ھالدا ئۇنى قىلغان ۋە ياكى قوبۇل قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلىغان بولاتتى. كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى تەۋىل قىلغان بولۇشلىرى، مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىشلىرى ياكى ئۇنىڭغا قارشى كېلىدىغان دەلىللەرنىڭ بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

بىز شۇنى بىلىمىزكى بۇ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلسا ھالال بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا يۇقىرىقىغا ئوخشاش نىكاھ قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ كىشىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەھدىتنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بەزى كىشىلەر توغرىسىدا يا شەرتى تېپىلمىغانلىقى ياكى بىرەر توسالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جازا كۈچكە ئىگە بولمىسىمۇ، ئۇخىل نىكاھنىڭ يۇقىرىدىكى

تەھدىتكە سەۋەب بولغانلىقىغا ئىشىنىشىمىزگىمۇ بۇ ئەھۋال توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئانىسى ھارىس ئىبنى كەلدەنىڭ نىكاھىدا چېغىدا دۇنياغا كەلگەن زىياد ئىبنى ئەبىيھنى ئەبۇ سۇفيان «بۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىندۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسى قاتارىدا ھېسابلىغان مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئىشىمۇ مىساللىرىمىزنىڭ بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئاتام بۇ، دەپ داۋا قىلسا، جەننەت ئۇنىڭغا ھارامدۇر»[1] دېگەن، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئاتىسىدىن باشقا بىرىگە ئۆزىنى مەنسۇپ، دەپ قارىسا ياكى قۇل ئىگىسىدىن باشقا بىرىنى ئۆزىگە ساھىب قىلىۋالسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن. ئاللاھ ئۇنىڭدىن نە فىديە، نە شافائەتچى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن[2]. بۇلار سەھىھ ھەدىسلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسلەردە توغۇلغان بالىنىڭ نىكاھلانغان ئەرگە ئائىت بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان. بۇ بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمدۇر. بىز بۇنىڭدىن شۇنى تونۇپ يېتىمىزكى، بالا دۇنياغا كەلگەنگە قەدەر ئايال كىشىنىڭ نىكاھىدا بولغان كىشىدىن باشقىسىغا بالىنى نىسبەت قىلىپ، ئۇنى "ئاتا" دېگەن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىكى تەھدىتنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. بۇ ھەدىسنى يەنە ئەبۇ داۋۇد سەئىيد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ۋە ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بىرگە، يالغۇز ساھابىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن باشقا كىشىلەر ئىچىدىن چىققان بىرىگە قارىتىپ (مۇئەييەن بىر كىشىنى كۆرسىتىپ) بۇ تەھدىت پالاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيەلمەيمىز؛ چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھۆكمىدىن خەۋەردار بولمىغان بولۇشلىرى، بالىنىڭ ئانىسىنى كىم ھامىلە قىلىپ قويغان بولسا ئۇنىڭغا ئائىت بولىدىغانلىقى قارىشىدا بولۇشلىرى، زىيادنىڭ ئانىسىنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ھامىلە قىلىپ قويغانلىقى قارىشىدا بولغان بولۇشلىرى، ھەتتا سۈننەت كەڭ تارقىلىشتىن ئىلگىرى بۇ ھۆكۈمدىن نۇرغۇن كىشىلەر خەۋەر تاپمىغان بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جاھىلىيەت دەۋرىدە ئادەتنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق لازىم... بۇلار ياكى ئاللاھ رازى بولغان ياخشى ئەمەللەرگە ئوخشاش تەھدىت ۋە جازانىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر قاتار توسالغۇلارنىڭ بۇلارنى توسۇپ قېلىشى تېخىمۇ مۇمكىن. بۇمۇ ناھايىتى كەڭ تېمىدۇر. چۈنكى، ئۇممەتنىڭ بىر قىسمىغا ھارام خەۋىرى يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھالال ھېسابلاپ قېلىشلىرى ياكى ھارام قىلغان دەلىللەرگە قارشى ئۆز ئەقلى ۋە مەلۇماتلىرى بىلەن ئىجتىھاد قىلىپ كۈچلەندۈرۈشلىرى، ھالال دەيدىغان دەلىللەرگە ساھىب بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق قوبۇل قىلىشلىرى قاتارلىق بارلىق مەسىلىلەر بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. ھارام قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك "گۇناھكار، دەپ قارىما، ئەيىبلىمە، جازا، پاسىقلىق ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان بىر قاتار ھۆكۈملەر بار، بۇلارنىڭمۇ شەرت ۋە چەكلىگۈچى ئامىللىرى بار. ھارام قىلىش ئېنىق بولغان تەقدىردە يا شەرتلىرىنىڭ تېپىلمىغانلىقى ۋە ياكى

بىرەر توسالغۇ تۇپەيلى باشقا ھۆكۈملىرى تېپىلماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭدەك، ئوخشاش سەۋەبلەر تۇپەيلى بىر كىشى ئۈچۈن ھارام بولمىغان بىر ئىش باشقا بىرى ئۈچۈن ھارام بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سۆزنى بۇ يەردە تەكرارلىدۇق، بۇ مەسىلىدە ئالىملارنىڭ ئىككى تۈرلۈك قارىشى بار:

**1** ـ بارلىق سەلەپ ۋە فىقھىي ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشى: ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىردۇر؛ بىرسى ئۆز نۆۋىتىدە قىلىنغان ئەمما خاتاسى بار بىر ئىجتىھاد بىلەن بۇنىڭغا قارشى چىقسا، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە ئەجرگە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇئەييەن بىر ئىجتىھاد ساھىبى تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان بۇ ئىش ھارام بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن ھارامنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ، چۈنكى، "ئاللاھ تائالا ئىنسانغا پەقەت ئۇنىڭ كۈچى ۋە ئىمكانىغا قاراپ ۋەزىپە بىرىدۇ."

**2** ـ گەرچە باشقىلار ئۈچۈن ھارام بولغان تەقدىردىمۇ، ھارام قىلىدىغان دەلىلدىن خەۋەر تاپمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھارام ئەمەستۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ كىشى سادىر قىلغان ئىش ھارام بولمايدۇ. قاراش پەرقى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولۇپ، پەقەت ئىپادىلەش پەرقىلا ئوخشاپ كېتىدۇ.

گەرچە تالاش ـ تارتىشلىق مەسىلە بولسىمۇ بۇلار تەھدىت (جازا) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر ھەققىدە ئېيتىلىشى مۇمكىن بولغان سۆزلەردۇر. مەيلى بىر يەردىن چىققان ياكى ئىختىلاپلاشقان بولسۇن ئۆلىمالار نەتىجىدە تەھدىت قىلىنغان ئىشنى ھارام، دەپ بىلىشنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. ئۆلىمالار بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرگە تالاش ـ تارتىشلىق مەسىلىلەردە كۆپرەك تايىنىدۇ. ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك

كەسكىنلىكنى ئىپادىلىمىگەن ئەھۋالدا جازا ئۇچۇن دەلىل كەلتۈرۈش مەسىلىدە تارتىنىشىپ قالغان.

ئىزاھات: بۇ رىسالىنىڭ ئومۇمىي تېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى بۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. مۇئەللىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەھىپىلەردە بىر ئىشنىڭ قىلىنىشىنى ھارام قىلغان ۋە ئۇ ئىشنى سادىر قىلغۇچىغا تەھدىت قىلغان ھەدىسلەردىكى مۇناسىۋەتلىك تېمىنىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولغان پېئىل (يەنى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ) نىڭ ئىجمائ بىلەن ھارام بولغانلىقىنى، ئەمما بۇ ھەدىستىن خەۋىرى بولمىغان ۋەيا خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، رىسالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يوللۇق سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ بۇ تەھدىتنىڭ ئاقىۋىتىگە دۇچار بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىچكىرلىگەن ۋە تېخىمۇ دەلىللىك شەكىلدە ئىزاھلىغان ھالدا رىسالىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ــ تەرجىمان.

كىتاب ۋە سۈننەتتە قاتتىق چەكلەنگەن، بەلگىلىمىگە بوي سۇنمىغاننى لەنەت ۋە ئازاب بىلەن تەھدىت قىلغان نۇرغۇن نەسلەر بار. بۇ نەسلەر تەرىپىدىن ئىپادە قىلىنغان ھۆكۈملەرنى شەرتسىز ۋە ئومۇمىي مەنادا ماقۇللاش ۋاجىبتۇر. ئەمما مۇئەييەن بىر كىشىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، خۇسۇسەن پەزىلەت ۋە ياخشى ئىشلىرى بار بىر ئادەمنى «بۇ كىشى لەنەتلەنگەن» ياكى «ئاللاھنىڭ غەزىۋىگە ئۇچرىغان» ۋە ياكى «جەھەننەمگە لايىق» دېيىش جايىز ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەرلەردىن باشقا «سىددىق، شەھىد، سالىھ» دېگەن سۈپەتلەرگە ئىگە ياخشى بەندىلەرنىڭمۇ چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارنى سادىر قىلىشى مۇمكىن؛ بىراق، تەۋبە، ئىستىغفار،

گـۇناھلارنى ئۇچـۇرۇپ تاشـلايدىغان ياخشـى ئەمـەل، ئۇلارغـا كـەففارەت بولـىدىغـان دەرد ـ ئەلـەم ۋە مۇسـىبەتلەر، شاپـائەت يـاكى يـالغۇز ئـاللاھنىڭ رەھمــەت ۋە ئىرادىســى بىلــەن بـۇ گۇناھلارنىڭ نەتىجە ۋە جازاسى ئۇلارغا يۈرگۈزۈلمەيدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى كۆرۈپ چىقايلى:

ئايەتلەر: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿زۇلـۇم قىلـىپ يېتىملـەرنىڭ مـال ـ مۈلكــىنى (ناھــەق) يــەۋالىدىغانلار، شۈبھىســىزكى، قورســىقىغا (قىيامــەت كۈنــى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾[1].

﴿كىمكـى الله غـا ۋە پەيغەمبىرىگـە ئاسـىيلىق قىلـىپ، الله نىــڭ قـانۇنلىرىنىڭ سـىرتىغا چىقىــپ كېتىدىكـەن، الله ئۇنــى دوزاخقـا كىرگـۈزىدۇ، ئـۇ دوزاختـا مەڭگـۇ قـالىدۇ خورلىغۇچـى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

﴿ئى مۆمىنلەر! بىـر ـ بىـرىڭلارنىڭ مـاللىرىنى (ئوغـرىلىق، خىيانــەت قىلــىش، بـۇلاش، جــازانىخورلۇق، قىمــار ئوينــاش قاتـارلىق) ناھـەق يـول بىلـەن يـەۋالماڭلار،ئىككى تـەرەپ رازى بولۇشـۇپ قىلىشـقان سـودا ـ سـېتىق ئـارقىلىق ئېرىشىلگـەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزەڭلارنى (يـەنى بىـر ـ بىـرىڭلارنى) ئۆلتۈرمـەڭلار، الله ھەقىقەتـەن سىلەرگـە ناھايىتى مېھرىباندۇر. كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلـۇم قىلـىپ ئۇنـى

---

[1] نىسا سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى، 14 ـ ئايەت.

(يەنى اللہ چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ اللہ غا ئاساندۇر﴾[1].

ھەدىسلەر:

«ئاللاھ تائالا ھاراق ئىچكەنلەرگە لەنەت قىلدى»[2] ياكى «ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقانلارغا لەنەت قىلدى، ياكى زېمىننىڭ چېگراسىنى ئۆزگەرتكەنلەرگە لەنەت قىلدى.»[3]

«ئاللاھ تائالا ئوغرىغا لەنەت قىلدى.»[4]

«ئاللاھ تائالا جازانە يىگۈچىگە، يىگۈزگۈچىگە، ئىككى گۇۋاھچىسىغا ۋە ئۇنى يازغان كىشىگە لەنەت قىلدى.»[5]

«ئاللاھ تائالا سەدىقىنى كېچىكتۈرگەن ۋە ئۇنى (ۋاقتىنى) ئۆتكۈزىۋەتكەن كىشىگە لەنەت قىلدى.»[6]

«مەدىنىدە بىدئەت پەيدا قىلغان كىشىگە ياكى بىدئەتخورلارنى ئورۇنلاشتۇرغان كىشىگە اللہ نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن.»[1]

---

[1] نىسا سۈرىسى، 29،30 ـ ئايەتلەر.

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھاراققا، ئىچكۈچىسىگە، ئىچكۈزگۈچىسىگە... لەنەت قىلدى» بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد "ئىچىملىكلەر" بابىدا، ئىمام ئەھمەد "مۇسنەد" تە رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇ ھەدىسنى مۇسلىم "سەھىھ"ىدە رىۋايەت قىلغان. يەنە نەسەئىي ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ئىبارە بويىچە رىۋايەت قىلغان: «ئاللاھ تائالا ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلغانغا، ئاللاھدىن باشقا بىرىنىڭ نامىدا مال بۇغۇزلىغانغا، بىدئەتچىگە پاناگاھ بولغان كىشىگە ۋە زېمىنىنىڭ چېگرالىرىنى ئۆزگەرتكەن تاجاۋۇزچىلارغا لەنەت قىلدى».

[4] بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[5] بۇ ھەدىسنى مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

[6] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىككى خىل سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى سەھىھتۇر.

«ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى سۆرەپ يۈرگەن كىشىلەرگە قارىمايدۇ.»[2]

«قەلبىدە زەررە مىقدارى كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ.»[3]

«بىزنى ئالدىغان كىشى بىزدىن ئەمەس.»[4]

«كىمكى ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر كىشىنى ئاتام ۋە ئۆزىنى ئازاد قىلغان كىشىدىن باشقىسىنى ئازاد قىلغۇچۇم دەپ دەۋا قىلسا، جەننەت ئۇنىڭغا ھارامدۇر.»[5]

---

[1] ھەدىسنى مۇسلىم "سەھىھ"دە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەدىسنىڭ تولۇق شەكلى مۇنداق: «ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ۋە بەرگەن تۆلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىسى بىر بولۇپ بۇ ئەھدىگە تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرمۇ ئارىلىشالايدۇ يەنى بارلىق مۇسۇلمانلار بىرەر كاپىرغا پاناھلىق بېرىشتە باراۋەر ھوقۇقلۇق بولۇپ بۇ ئەھدىنى كۆپ ساندىكى ياكى ئاز ساندىكى ياكى يۇقىرى تەبىقىدىكى ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بولسۇن! قانداق بىر مۇسۇلماندىن سادىر بولسا ھەممە بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. كىمكى ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر كىشىنى ئاتام ۋە ئۆزىنى ئازاد قىلغان كىشىدىن باشقىسىنى ئازاد قىلغۇچۇم دەپ دەۋا قىلسا، ئۇنىڭغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن! الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ۋە بەرگەن تۆلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ»

[2] بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. يەنە سۈننەت كىتابلىرىنىڭ ساھىبلىرى ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇ ھەدىسنى مۇسلىم "سەھىھ"ىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

[4] بۇ ھەدىسنى مۇسلىم "سەھىھ"ىدە «كىمكى ئالدايدىكەن ئۇ بىزدىن ئەمەس» دېگەن ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلغان.

[5] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. بۇ ھەدىسنى يەنە ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە مۇنۇ ئىبارىلەر بىلەن رىۋايەت قىلغان: «كىمكى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن باشقا بىرىنى ئاتام، دەپ داۋا قىلسا، جەننەت ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ.»

«كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلسا، ئۇ كىشى ئاللاھ تائالا بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇچرىشىدۇ.»①

«كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەھەننەمنى ۋاجىب، جەننەتنى ھارام قىلدى.»②

«سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.»③

ۋە بۇلاردىن باشقا ھەدىس ھەدىسلىرى...

بىز، بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردە زىكىر قىلىنغان تەھدىتلەرنى تەۋىل قىلماستىن ئەينەن قوبۇل قىلغىنىمىزدا، بۇ ئىشلارنى سادىر قىلغان مۇئەييەن بىر كىشىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ «بۇ كىشى ئۇ ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىدۇ» دېيەلمەيمىز؛ چۈنكى، تەۋبە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان جازانى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئۇنىڭدا تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا، «مەزكۇر ھەدىسلەرنى تەۋىلسىز قوبۇل قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىنى ۋە ياكى ئاللاھنىڭ سىددىق ۋە سالىھ بەندىلىرىنىمۇ لەنەت قىلىشقا

---

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي، ئەبۇ داۋۇدلار ئەشئەس ئىبنى قەيس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلغان.
② بۇ ھەدىسنى مۇسلىم "سەھىھ"ىدە ئەبۇ يەمامەدىن رىۋايەت قىلغان.
③ بۇ ھەدىسنى بۇخارى "ئەدەبۇل مۇفرىد" تا رىۋايەت قىلغان. يەنە بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىيلاردىن «ئۈزۈپ قويغۇچى سىلە ـ رەھىمنى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلغان.

بۇلىدىغانلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ» دېيىشىمىزمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ سىددىق ۋە سالىھ بەندىلىرىدىن بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش سادىر بولسا، جازا سەۋەبىنىڭ ھازىرلانغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنى ئالدىنى ئالدىغان، ئۇلارنى جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان بىر توسالغۇمۇ چوقۇم تېپىلىدۇ.

ئىجتىھاد ۋە تەقلىد يولى بىلەن (مەزكۇر نەسلەرنى بىلمەسلىكى ياكى باشقىچە چۈشەنگەنلىكى سەۋەبىدىن) جايىز ۋە ھالال، دەپ گۇمان قىلىپ، بۇ ئىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارمۇ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان سادىق ۋە سالىھ بەندىلەرگە ئوخشايدۇ؛ ئۇلار جازادىن ياخشىلىق ۋە تەۋبىلىرى سەۋەبلىك قۇتۇلۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، بۇلارمۇ ئىجتىھاد ۋە تەقلىد يولى بىلەن خاتالىشىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك قۇتۇلغان بولىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، تەھدىت بار نەسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەگىشىپ مېڭىش ئۇيغۇن بولغان يول بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر؛ چۈنكى، بۇنىڭ سىرتىدا ئىككى يول بار بولۇپ، ھەر ئىككىسى ناچار يوللاردۇر:

**1** ـ نەسلەرنىڭ تەقەززا قىلغىنى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت، دېيىش ئارقىلىق ھەر بىر كىشىنىڭ يەككە ـ يەككە ھالدا جازالارغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش. بۇ قاراش، گۇناھلىرى سەۋەبلىك ئىنسانلارنى كۇپۇرغا چىقىرىدىغان خاۋارىج، مۇئتەزىلە ۋە باشقىلاردىنمۇ ناچار قاراشتۇر؛ بۇنىڭ بىر خاتا قاراش ئىكەنلىكى روشەندۇر ۋە بۇنى ئىپادىلىگەن دەلىللەر باشقا يەردە زىكىر قىلىنمىغان.

**2** ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەدىسلىرىنى ئەينەن قوبۇل قىلىش، ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلارغا لەنەت قىلىشنى تەقەززا قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ نەسلەرنى دەلىل قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىشنى تەرك قىلىش. بۇ خىل تەرك قىلىشمۇ ئىنساننى ئازغۇنلۇققا ۋە ئاللاھنى قويۇپ ھاخاملىرى، پوپلىرى ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانى پەرۋەردىگار مەرتىۋىسگە كۆتۈرۈشكەن ئىككى تۈرلۈك ئەھلى كىتابقا ئوخشىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇلار توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇلار، ئۇ ھاخام ۋە پوپلارغا ئىبادەت قىلمىدى؛ ئەمما ھالالنى ھارام قىلىشلىرى ۋە ھارامنى ھالال قىلىشلىرىغا ئەگەشتى» دېگەن. بۇلاردىن باشقا بۇ چۈشەنچە «مەخلۇققا ئىتائەت قىلىپ، خالىققا (ياراتقۇچىغا) قارشى چىقىشقا[1] ئېلىپ بارىدۇ.» ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە

[1] بۇ ھەدىسنى ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. شۇنىڭدەك تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىقمۇ رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ ئىبارىسى مۇنداق: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگىنىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېبرلىرىنى، راھىبلىرىنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن، مەن: ئۇلار ئۇلارغا ئىبادەت قىلمايتتى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «بەلكى ئۇلار، ئۇلارغا ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىپ بەرسە ئەگەشتىلەر، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلغانلىرىدۇر» دېدى.

ئېتىبارى بىلەن گۇزەلدۇر﴾[1] دېگەن ئايىتنىڭ قارشى مەنىسى بولغان يامان ئاقىۋەت ۋە چۈشەنچىگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئارقىدىن شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرى كۆپىنچە ھاللاردا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئۇقۇمدا ئېغىر تەھدىت روھى بار ھەر بىر ھەدىسكە ئەمەل قىلىش لازىم، ئەگەر ئۇنىڭغا بىر ئالىمنىڭ قارىشى توغرا كەلمىدى، دەپ (مەيلى ھەدىسنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسى) تەرك قىلىنسا بۇنىڭ خەترى، كۆپۈر بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ خەترىدىنمۇ چوڭدۇر ياكى بۇنىڭدىن تۆۋەن ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، كىتابنىڭ ھەممە يېرىگە ئىمان ئېيتىشىمىز، پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان يوليۇرۇقلارنىڭ ھەممىسگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. كىتابنىڭ (قۇرئان كەرىمنىڭ) بەزى يېرىگە ئىشىنىپ، بەزى يېرىنى ئىنكار قىلىش، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ئادەتلەرگە كۆرە قەلبىمىزنى بەزى سۈننەتلەرگە ئەگىشىپ، بەزىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن قاچىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەستۇر؛ چۈنكى، ئۇنداق قىلىش، تۈپتۈز يولدىن چىقىپ، غەزەب قىلىنغان ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا كىرىش، دېمەكتۇر.

ئاللاھ بىزنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن، رازى بولغان ياخشى سۆز ۋە ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلغاي، بىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى ساق ـ ساغلام قىلغاي!

---

[1] نىسا سۈرىسى، 59 ـ ئايەت.

ئالەملــەرنىڭ پەرۋەردىگــارى بولغــان ئــاللاھ تائالاغــا هەمدۇسانالار، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان رەسۇلىمىز مۇهەممـەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلـە تاۋابىئاتلىرىغا، هىدايـەت يولىدىكــى ساهابىلىرىگــە، مۆمىنلــەرنىڭ ئــانىلىرى بولغــان ئاياللىرىغـا ۋە ياخشــى ئىشـلاردا ئۇلارغـا قىيامـەت كۈنىگـىچە ئەگەشكەنلەرگە سالاملار يوللايمىز.